# شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازادلىقى بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

ئەبۇ ئەلى



تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى سىياسى ئىشلار باشقارمىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازاتلىقى بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

## ئەبۇ ئەلى

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !

بىزنى يوقتىن بار قىلغان ، ھەق يولنى چۈشۈرۈپ گۇمراھلىقتىن نۇرغا يېتەكلىگەن ، بىزنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتقان رەببىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا چەكسىز ھەمدۇ سانالار ، سانسىز ماختاشلار ۋە ئۆزىگە لايىق ئەڭ ئالى مەدھىيەلەر بولسۇن ! رەھبىرىمىز ، يولباشچىمىز ، پەيغەمبىرىمىز ، محمد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ؛ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ، ساھابىلىرىغا دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن ! خۇلەفائىرراشىدىنلاردىن تارتىپ تا قىيامەتكىچە توغرا يول ئۈستىدىكى بارچە ھەققەت ئىگىلىرىگە ئاللاھنىڭ گۈزەل سالاملىرىنى يوللايمىز !

پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ، جۈملىدىن زالىم خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىكى ۋەھشى زۇلۇملىرى ئاستىدا ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر ، ئەڭ قاباھەتلىك كۈنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان خەلقىمىزگە ئاللاھنىڭ ئەڭ گۈزەل سالاملىرى ، رەھمىتى ، مەغفىرىتى ۋە غەلىبە- نۇسرىتى بولسۇن!!

بۈگۈن يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا تارىخىدا سان ساناقسىز دىنى ، سىنىپى ، ئىرقى ۋە مىللى قىرغىنچىلىقلارنى ئاممۋى شەكىلدە ئېلىپ بېرىپ ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ قورقۇنۇچلۇق ، ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ، ئىنسانىيەتكە قارشى «ئىدىئولوگىيلىك قىزىل راك » دەپ ناملانغان كوممۇنىزىم تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى قورغىنى ؛ بىگۇناھ ئادەملەر ئۈستىدىن ئىشلىگەن كۆپلىگەن جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن ئالىلىبۇرۇن تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلانغان كوممۇنىستىك تۈزۈمدىكى سابىق سوۋىت قىزىل روس ئىمپېرىيىسى (سوۋىت ئىتتىپاقى) غا ئوخشاش فاشىت ، مۇستەبىت ، دىكتاتور تۈزۈمنىڭ زامانىمىزدىكى نامايەندىسى ؛ دۆلەت تېرورىزمىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تىپىك ۋەكىلى ؛ ئىسلامغا ، دىنغا بولغان دۈشمەنلىكى ناھايىتى قاتتىق ؛ پەقەت كۆزئالدىدىكى ماددى دۇنيادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ -ياراتقۇچىغا ئىشەنمەيدىغان ؛ دىنسىز ، خۇداسىز ؛ [رەببىم ئاللاھ] دىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈلگەن مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قاتىلى ____ زالىم خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان خەلقىمىز ئەڭ ئېغىر ، ئەڭ قاتتىق، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ۋەھشى زۇلۇملارغا تاشلىنىپ ئېچىنىشلىق ئېڭىرىماقتا !

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ مەخسۇس «زۇلۇم تەتقىقات ئاكادىمىيلىرى» دە ئىشلەپچىقىرىلغان ، پەقەت بىز ئۈچۈنلا ئالاھىدە تەييارلانغان ، خىتايدىن باشقا دۇنيا ئىنسانلىرى ئويلاپمۇ يېتەلمەيدىغان ، باشقا دۆلەت كىشىلىرى كاللىسىغىمۇ سىغدۇرالمايدىغان يېڭى- يېڭى روھى ۋە جىسمانى زۇلۇملىرى ئىچىدە پەرياد چەكمەكتە !

بۈگۈن بىزنىڭ ئىززەت-نومۇسىمىز ھېساپلانغان شەرقىي تۈركىستانلىق ھەمشىرىلەر تۈرمىلەردە ۋە «يېپىق تەربىيلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگىرلىرىدا. ئۇلارنىڭ ئىززىتى ۋە ئىپپىتى ھەر ۋاقىت قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن دەپسەندە قىلىنماقتا !!

بۈگۈن جۆرىسى خىتايلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلىپ مەھرەمسىز يالغۇز قالغان تۈركىستانلىق ھەمشىرىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئاتالمىش «قوشماق تۇققان بولۇش» تۈزۈمى ئاستىدا دىنسىز ، خۇداسىز ، يات كاپىر خىتايلار زورلۇق بىلەن ئېلىپ كىرىلمەكتە !

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقەللى دىنى ئىبادەتلىرى ھەم قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا !

ئۇلار: «بىزنى بۇ زۇلۇمدىن، بۇ خارلىقتىن ، بۇ خىل دەپسەندىچىلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان مۇسۇلمان ئەركەك يوقمۇ» ؟!! ___دەپ نالە قىلماقتا !

بۈگۈن ئاتا- ئانىلىرى خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تۇتۇپ كېتىلىپ يېتىم قالغان شەرقىي تۈركىستانلىق نارەسىدىلەرنى خىتايلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش دىنسىز مەلئۇنلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن يىغىۋېلىپ، ئۆز دىنى- ئېتىقادى، تىلى، مىللى كىملىكى، ئىسلامى ۋە مىللى ئۆرۈپ-ئادەتلىرى ...... قاتارلىق ھەممە ئۆزلۈكلىرىدىن ئايرىپ، ئالاھىدە دارىلتاملاردا چوشقا ۋە ئىت گۆشلىرى بىلەن بېقىپ، مەخسۇس «ماڭقۇرت» تەربىيلەش ئېلىپ بارماقتا.

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى چېكىگە يەتكەن زۇلۇم - ستەمدىن يۈرەكلىرى لەختە - لەختە بولۇپ تۆت تەرەپكە قاراپ چارىسىز ھالدا : «ئاللاھنىڭ نۇسرىتى قاچان !؟» ___ دەپ نىدا قىلماقتا.

دىكتاتور خىتايدىكى ئاممۇى تاراتقۇ، تور ئالاقە قاتارلىق ئاخبارات - نەشرىيات ئىشلىرىدىكى ھۆكۈمەت كونتروللۇقى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل زۇلۇم، بۇ خىل قىرغىنچىلىق دۇنيا خەلقىدىن، بولۇپمۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىن مەخپى ئېلىپ بېرىلماقتا .

بۈگۈن بىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دۇنيا خەلقى، خۇسۇسەن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن كومۇنىست خىتاينىڭ بۇ قەدەر ۋەھشى، ئېغىر زۇلۇملىرىغا ياردەمسىز يالغۇز تاشلاپ قويۇلۇپ، ھەققەتەن ئۆزىمىزنىڭ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى ئۇنتۇلغان، ئەڭ غېرىپ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز.

بۈگۈن ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىۋاتقان؛ ھەتتا بىرەر تۈردىكى ھايۋاناتلار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن چوقان سېلىشىپ تاراتقۇلارنى قىزىتىۋېتىدىغان دۇنيا، خىتاينىڭ تېشى پال- پال، ئىچى غال- غال، پوپاڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ھەيۋىسى ئالدىدا تىز پۈكۈپ، خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنىڭ بەدىلىگە، دۇنيا تارىخىدىكى شانلىق مەدەنىيەتكە

ئەگە بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ، مىللەت سۈپىتىدە خىتاينىڭ نەسىل قۇرۇتۇش خاراكتىرلىك ئىرقى قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىشىغا ھېچ ئىرەن قىلماستىن ، كۆزلىرىنى چىمىرلىتىشىپ ، گۇۋاھ بولۇشۇپ قاراپ تۇرۇشماقتا........

دۇنيا خەلقىنىڭ ، زالىملىقى ، دىكتاتورلىقى ، ھېچ بىر ئىلاھىنى ئېتراپ قىلمايدىغان دىنسىز ، دەھرىيلىكى ، رەھىمسىزلىكى ئاپ- ئاشكارا بولغان بىر زوراۋان كومۇنىست ھاكىمىيەتكە قارىتا بۇ قەدەر تىز پۈكۈشى ، يول قويۇشى ، پەرۋاسىزلىقى بىزگە ، بىر تەرەپتىن ئىسلامدىن ، ئەقىدىدىن بارغانسىرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ؛ ماددى قىممەتلەر ، ماددى ئۆلچەملەر پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ قېلىۋاتقان ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقى يۈزىنى كۆرسىتىپ ، پەقەت ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەپ ، ئۆز دەۋايىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ ئىگە بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرسە ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بىر يېرىم مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسقا ، ئۈستۈن ئىقتىسادقا ۋە ھەربىي كۈچكە ، ھەتتا ئاتوم قورالىغا ئىگە بىر كومۇنىست ، دىنسىز ھاكىمىيەتنىڭ بىزنى ئاز كەم يەتمىش يىلغا يېقىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىۋېتىش ، كاپىر خىتاي دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىڭلارچە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىسىز بولۇپ بۆگۈنگىچە ئۆلىشالىغانلىقىمىزنىڭ بىردىن - بىر سەۋەبىنىڭ بىزدىكى ھەممىدىن ، ھەتتا ئاتوم قورالىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان ئەقىدە قورالىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن ۋە يەنە مانا مۇشۇ ئەقىدە ئاساسىدا كۆرەش قىلساق چوقۇم غەلبە قىلالايدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت كاتتا ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ.

توغرا ، خىتايلار بىزنىڭ زېمىنىمىزنى ، جىسمىمىزنى بويسۇندۇرالىغان بىلەن بىزنىڭ روھىمىزنى ، ئەقىدىمىزنى بويسۇندۇرالمىدى ، چۈنكى ئەقىدىسى ، روھى ئۆلمىگەن خەلقنىڭ مەنئۇي دۆلىتىنى ھېچ كىم ، ھېچ قاچان بويسۇندۇرالمايدۇ. بىزنىڭ يوق بولماسلىقىمىز ئىسلامى ئەقىدىمىز سەۋەپلىك ھەممىدىن قۇدرەتلىك ئاللاھ بىلەن باغلانغان .

شۇنچە كۆپ قىسمەتلەرگە ئۇچرىغان بولساقمۇ ئەمما ، ئىسلامى ئېتقادىمىز بىلەن ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن بىر خىل ئىشەنچكە ____ ئەقدە ئۈستىگە قۇرۇلغان دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى روھى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ تۇرۇپتىمىز .

﴿ يُرِيدُونَ أَن يُطْفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٣٢﴾ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾ ﴾ التوبة: ٣٢ – ٣٣

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار ، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان - ياۋىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ ، الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ ، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ [32]. الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى ، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ [33]. سۈرە تەۋبە

بېشىمىزغا ئېغىر كۈن كەلدى ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان بىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى قىرىلىپ كېتىش ، دىنسىز ختاي دېڭىزىغا قېتىۋېتىلىش ، يەر شارىدىن نام - نىشانسىز ، ئۈن - تىنسىز يوق بوپ كېتىش خىرىسىغا ، ناھايىتى ئېغىر دىنى ، مىللى كىرىزىسقا دۇچ كەلدۇق .

قانداق قىلىش كېرەك ؟!

كەسكىن جاۋاپ شۇكى: ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ ، ختاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ، خەلقىمىزنى ئىسلامى ئازاتلىققا ، ئىسلامى مۇستەقىللىككە ئېرىشتۈرۈش كېرەك. خوش ، ئۇنداق بولسا قايسى ئۇسۇلدا ، قانداق قىلىپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇمىز ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز ؟

مانا بۇ ___ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ۋە مۇھىم نۇقتىسى .

بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن خىتايغا قارشى ئېلىپ بارماقچى بولغان كۈرەشنىڭ خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك ، چۈنكى قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنىڭ خاراكتېرى بىزگە مەلۇم بولسا شۇنىڭغا لايىق توغرا ئۇسۇل ۋە توغرا لايىھە تۈزۈپ چىقىپ ، غايىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر باشقا ئېلىپ چىقالايمىز .

**بىرىنچىدىن ، بۇ كۈرەشنىڭ كۆلەم - سىجىللىق ۋە ۋەزىن - ئېغىرلىق خاراكتېرىنى ياخشى چۈشۈنىشىمىز كېرەك .**

بەزىلەر تەشۋىقات - تەرغىبات ، ئاخبارات - نەشرىيات ، نامايىش قاتارلىق يۇمشاق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ غايىگە يېتىش ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدىسە ؛ بەزىلەر ئىلىم - پەن ئىگەللەپ خىتايغا يۇقۇرى پەن - تېخنىكا بىلەن قارشى تۇرۇش كېرەك دەيدۇ ؛ بەزىلەر مائارىپ ، تەلىم - تەربىيەگە كۆپلەپ ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق مىللەتنى ئويغۇتۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىسە ، بەزىلەر دەۋەت قىلىپ ئۇممەتنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىتىش كېرەك دەيدۇ ؛ بەزىلەر كۆپلەپ ئىگىلىك تىكلەپ ئىقتىسادى جەھەتتىن باش كۆتۈرۈش كېرەك دىگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرسە ؛ بەزىلەر ئىتتىپاقلىشىشىمىز كېرەك ، ئارىمىزدىكى قېرىنداشلىق مىھرى - مۇھەببەتنى چىڭىتىشىمىز كېرەك دەۋاتىدۇ ؛ ۋە يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر قوراللىق كۈرەش ـــــ جىھاد ئارقىلىق خىتاينىڭ قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقىغا قوراللىق قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك دەپ قارايدۇ.

قېرىنداشلار ، شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى ـــــــ بىزنىڭ قارشى تۇرماقچى بولۇۋاتقىنىمىز بىرىيېرىم مىليارد نوپۇسقا ، يۇقۇرى ئىقتىسادى ۋە ھەربىي كۈچكە ، ھەتتا ئاتوم قورالىغا ئىگە ، دۇنيادا خېلى ئۈستۈن ئىقتىسادى ، سىياسىي نوپۇز ساھىبى بولغان چوڭ دۆلەت ؛ خىتاي بىزنى قوراللىق ، زورلۇق كۈچ بىلەن بېسىۋالدى ؛ ۋەتىنىمىزنى ھازىرغىچە ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىدىكى بار ئىمكانىيەتنى ـــــــ ئارمىيە ، ساقچى ، تۈرمە ، تەرغىبات ، تەشۋىقات ، ئاخبارات - نەشرىيات ، مەكتەپ ....... قاتارلىق يۇمشاق ۋە قاتتىق دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ، ئادەم كۈچى ،

ماددى كۈچ ۋە يۈقۈرى پەن-تېخنكا كۈچىنى تولۇق ھەركەتلەندۈرۈپ ؛ بىر تەرەپتىن مىگە يۈيۈش ، مىللى ، دىنى كىملىكنى يوقۇتۇش ؛ يەنە بىر تەرەپتىن باستۇرۇش ، ئۆلتۈرۈش ، تۈرمىلەرگە تاشلاش قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىنى قوللانسا ، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقۇرى - تۆۋەن ، ئارمىيە - خەلق ، دۆلەت - يۇقرا ، دۆلەت ۋە پارتىيە ئىتتىپاقلىشىپ ، بىرلىكتە ۋەتىنىمىزگە بولغان مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ .

دېمەك ، خىتايلار بىزنى ئومۇمىيۈزلۈك بېسىۋېلىپ ، بىرلىشىپ مۇستەملىكە قىلغىنىغا ئوخشاش بىزمۇ ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك .

يەنى بىز بىر تەرەپتىن پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ، پۈتۈن مىللەتنىڭ بار مەۋجۇت يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قوزغۇتۇپ ، نەزەرىيەدە ___ ئىدىيەدە ، پىكىردە ؛ ئەمەلى ھەرىكەتتە ___ بارچە قاتلام ، بارچە ساھەدە ، خەلق بىلەن ئارمىيە بىرلەشكەن ؛ مۇجاھىدى ، خەلقى ، تەشۋىقاتچىسى ، تەرغىباتچىسى ، ئەھلى - ئىلىم ، ئالىم - ئۇستازلىرى ، دەۋەتچىسى ، يازغۇچىسى ،ھەتتا كەسپى ئالىملىرى ، بايلىرى ___ مۇكەممەل جىھادى ئىنقىلابى كادىرلار قوشۇنى بولغان ؛ كەڭ - كۆلەملىك ، ئومۇمىيۈزلۈك ، ھەممەيلەن ئورتاق ئىشتىراك قىلىدىغان ، ئاممىۋى خاراكتىرلىك تاجاۋۇزچىلىققا قارشى بىر قېتىملىق داغدۇغۇلۇق ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك ؛ يەنى بىز ئېلىپ بارىدىغان كۈرەشنىڭ نامى ۋە خاراكتىرى ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابى بولۇپ ، دۈشمەنگە قارشى ئەڭ يۇقۇرى كۆلەم شەكلىننىشى كېرەك .

﴿وَقَٰتِلُوا۟ ٱلْمُشْرِكِينَ كَآفَّةً كَمَا يُقَٰتِلُونَكُمْ كَآفَّةً ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣٦﴾﴾ التوبة: ٣٦

مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك ، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى ، اللہ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى اللہ نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ، مەنئى قىلغان ئىشلىردىن چەكلىنىش بىلەن اللہ تىن قورققۇچىلارغا اللہ نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار ) [36]. سۈرە تەۋبە

يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىنقىلابچىلاردا ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە يەتكۈچە بوشاشمايدىغان سەبىر-سىجىللىق بولىشى لازىم. بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن ئىزچىللىق ___ ئىستىقامەتنىڭ بولۇشى غەلىبىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىر تۈركىستانلىق ئىنقىلابقا قاتنىششى ۋە بۇ سىجىل- داۋامى بولۇشى كېرەك.

يەككە ھالدىكى بىر قېتىملىق نامايىش ، بىر قېتىملىق يىغىن ، بىر قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش ، بىر قېتىملىق تېلىۋېزور سۆھبىتى ، بىر قېتىملىق دىپلوماتىيە زىيارىتى ، بىر قېتىملىق دەۋەت ، بىر كىتاب ، بىر ماقالە ، بىر بايانات ياكى بىر قېتىملىق جىھادى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىلا ئىنقىلاب بولماستىن بەلكى ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر پۈتۈن توپلام ھالىتى ۋە تا ئاخىرقى غەلىبىگىچە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ ئاداققىچە داۋاملىششى ___ ئاندىن ئىنقىلاب بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

تۆت كۈن دەۋەت ، تۆت كۈن نامايىش ، تۆت كۈن يىغىن ، تۆت كۈن جىھاد قىلىپلا ئىنقىلاپ قىلىپ بولغىلى ۋە غەلبىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا دۈشمەن بىلەن بولغان كۈچ سېلىشتۇرمىمىزدىكى غايەت زور پەرق ، پايدىسىز خەلقئارالىق ۋەزىيەت ..... قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار بىزنىڭ بۇ ئىنقىلابىمىزنىڭ سالمىقىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ، مۇشكۈل ، جاپالىق ، ئەگرى-توقاي ھەم بىرقەدەر ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭلاشقا بىزدە ئىنقىلاپ يولىنىڭ ئەسلى تەبئىتىگە لايىق ئىنتايىن يۇقۇرى سەبىر ، ئىستىقامەت ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان كۈرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جىھاد روھى بولىشى لازىم. ئىسلامى ئىنقىلاب شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۇلۇغدۇر. ئۇنىڭ غەلبە مۇىسى ھەم پەۋقۇلئاددە زور بولىدۇكى ___ جاھىلىيەتنىڭ زۇلۇم بىلەن تولغان ھاكىمىيەت ماشىنىسىنى تەل - تۆكۈس پاچاقلاپ تاشلايدۇ .

دېمەك ، خەلقىمىز ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلبە يولىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن ھىسابلىنىدىغان يېتەرلىك ئىنقىلابى كۆلەمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىزچىللىقنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن ھەمدە ئىنقىلاب سالمىقىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالىغان ۋاقتىتا ، بۇ داۋانى پەقەت چەكلىك

ساندىكى مۇجاھىدلارغىلا تاشلاپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ، ئۇلارنىڭ شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى قىلغان تىرىشچانلىقلىرى سەمەرىسىنىڭ تېخىچە «كۆرۈلمەيۋاتقان» لىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئىنشا ئاللاھ!

## ئىككىنچىدىن، ئىنقىلابىمىزنىڭ ئەقىدە خارەكتېرىنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇسۇلمان خەلق، بۇ ئىنقىلاپنىڭ ئىگىلىرى بولغان بىز ھەم مۇسۇلمانمىز؛ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن خىتايلار ھازىرغىچە بىزنى يوقۇتالمىدى؛ بىزنىڭ شۇنچىۋالا جاپا - مۇشەققەتلەر، زۇلۇملارنى تارتىپ تۇرۇپمۇ ئۆز مەۋقىيىمىزدە مۇستەھكەم تۇرۇشىمىزدىكى ئەسلى مەنامۇ ئاللاھ بىزگە ئىنئام قىلىپ بەرگەن ئىسلامى ھاياتتا ياشاپ، دۇنيا - ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشىش؛ بۇ ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ ئىسلامى ئەقىدىسىنى قوغداش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش، مۇسۇلمان خەلقىمىزنى ئىسلامى ئازاتلىققا ئېرىشتۈرۈش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىمىزنىڭ خارەكتېرىمۇ ھەم بىزنىڭ شۇئارىمىز ۋە غايە — مەقسىتىمىزگە ئۇيغۇن ھالدا ئىسلامى، ئەقىدىۋى بولۇشى لازىم. بۇنى بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز بەلگىلىگەن.

دېمەك، بىز ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئۇسۇلدىكى خىتايغا قارشى كۆرەش _____ مەنپەجدىن باشلاپ ۋاستىغىچە، شەكىلدىن باشلاپ مەزمۇنغىچە، نەزەرىيەدىن باشلاپ ئەمەلىيەتكىچە، شۇئارىمىزدىن باشلاپ غايىمىزگىچە، تەشۋىقاتتىن باشلاپ ھەرىكەتكىچە، ئىچىدىن باشلاپ تېشىغىچە ھەممە تەرەپتىن بىز قەتئىي ۋاز كېچەلمەيدىغان ئىسلامى تۈپ ئاساسى پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولۇشى؛ يەنى ۋەتىنىمىزدىن، مىللىتىمىزدىن، ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرىمىزدىن، ھەممە بايلىقلىرىمىزدىن ...... بارچە نەرسىلىرىمىزدىن ئۈستۈن بولغان ئەقىدىۋى ئۆلچەملەردىن چىقىپ كەتمەسلىكى؛ ئىنقىلاپ جەريانىدا ئىسلامى، ئىلاھى ھەقلەر زايا بولۇپ

كەتمەسلىكى زۆرۈر ؛ شۇنداقلا ئەقىدىۋى مەنپەئەتلەردىن ، مىللى ، دۇنياۋى ، ماددى مەنپەئەتلەرنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالماسلىقىمىز لازىم .

ئۇنداق بولمىغاندا ، تۆگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالىدىغان ؛ دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىك نىسۋىدىن مەھرۇم بولىدىغان ؛ بەندىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ؛ بىر خارلىقتىن قۇتۇلىمەن دەپ شەكلى ئۆزگەرگەن يەنە بىر خارلىققا چۈشۈپ قالىدىغان ؛ دۇنيادا خار بولغاننىڭ ئۈستىگە ئاخىرەتتىمۇ خار بولىدىغان يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. (ئاللاھ ساقلىسۇن!)

غايىگە يىتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغانلارنىڭ يولى _____ بىزنىڭ يولىمىز ئەمەس .

﴿ وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَٰلًا مُّبِينًا ﴿٣٦﴾ ﴾ الأحزاب: ٣٦

اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا ، ئەر - ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن ، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا ، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ [36]. سۈرە ئەھزاب

ھاجەتخانىغا قانداق كىرىپ چىقىشنىڭ ئەدەپلىرىنى بۇ دىندىن ئۆگەنگەنمىز ، ئەلۋەتتە ئىنقىلاپتىن ئىبارەت كاتتا ئىشنىڭ ئۆلچەملىرىنىمۇ مانا مۇشۇ دىنغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزلازىم.

يەنە بىر جەھەتتىن ، ئىنقىلابىمىزنىڭ نوقۇل ھالدىكى مىللى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئەقىدىۋى خارەكتىرىنى چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا بىزدە _____ ھەربىر ئۆزىنى مۇسۇلمان ھىسابلايدىغان تۈركىستانلىقتا تەبىئىكى خىتايغا قارشى ئىسلامى ئىنقىلاپقا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قوزغۇلىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى بۇ ئىنقىلاب ، بۇ جىھاد ، قىلساق دۇنيادا شەرەپلىنىدىغان ، نام — ئاتاققا

ئېرىشىدىغان ، مەنپەئەتكە ۋە ئورۇنغا ئىگە بولىدىغان ؛ قىلمىساق سورىقى بولمايدىغان بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىزدىكى تاللاش بولماستىن بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ، ئۈستىمىزگە ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىنىپ يۈكلەنگەن ئىلاھى مەجبۇرىيەتتۇر ، يەنى ئورۇندىمىساق ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدىغان بىر ئىبادەتتۇر .

شۇڭلاشقا ئەگەر بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى ھەرقانداق بىر تۈركىستانلىق ئۆزىدە بار تاقەت ۋە كۈچ قوۋۋەتنى تولۇق چىقىرىپ ، قادىر بولغىنىچە مېلى بىلەن ، جېنى بىلەن ، قېنى بىلەن ، قولى بىلەن ، ئېغىزى بىلەن ، قەلبى بىلەن خىتايغا قارشى بۇ ئىنقىلاپقا ، بۇ جىھادقا ئاتلانمايدىكەن ، كۈچ چىقارمايدىكەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولغىنى بولغان .

## ئۈچىنچىدىن ، ئىنقىلابىمىزنىڭ سىياسي خارەكتىرىنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مەسىلىمىز ھاكىمىيەت مەسىلىسى ، كۆپ تەرەپلىمىلىك جىددى سىياسي مەسىلىدۇر. خىتايغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلابىنىڭ سىياسي خارەكتىرىنى ياخشى چۈشەنسەك ، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىنقىلابىنىڭ ئۇنۇملۈك نەزىرىيە - سىياسەتلىرىنى ، جەڭ تەدبىرى - تاكتىكىلىرىنى شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق جىھادى شەرئىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ، ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا دۈشمەنگە ئۇنۇملۈك زەربە بېرىش ، ئاز كۈچ ، ئاز سېلىنما بىلەن كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

ئىنقىلابىمىزنىڭ سىياسي خارەكتىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم بۇ ئىنقىلاپقا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ئاساسلىق ئامىللارنى ئۆگىنىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ :

**1) دۈشمەن يەنى  خىتاينىڭ رېئاللىقى ( ۋاقىئەسى) : دۆلەت خارەكتىرى ۋە ماھىيىتى؛ سىياسىي، ئىقتىسادى، ھەربىي كۈچ قۇۋۋىتى؛ خىتاينىڭ تەبىئىتى، ئۆز تارىخى ۋە بىز بىلەن بولغان تارىخى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خۇلاسىسى ...... قاتارلىقلار ياخشى ئىگەللىنىشى، ئىنچىكە رازۋېتكا قىلىنىشى،    سالماق دەڭ سېلىنىشى  ۋە تولۇق نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك.**

**2) ئۆزىمىزنىڭ، يەنى خىتايغا قارشى جىھاد (ئىنقىلاب) قىلىدىغان كۈچ تەشكىلىنىڭ رېئاللىقى  (ۋاقىئەسى) : نۆۋەتتىكى ماددى ۋە مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋىتىمىز ___ ئەسكىرى سەۋىيىمىز، ئادەم كۈچى بايلىقىمىز؛ ئەقىدىمىز ۋە مىجەز خارەكتىرىمىز، تەبىئىتىمىز، دۈشمەن بىلەن بولغان كۆرەشتە خۇلاسىلەپ چىققان تارىخى، ئىنقىلابى تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز قاتارلىق ئومۇمىي ئىقتىدارىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنى  ياخشى چۈشىنىپ، ئوبدان دەڭ سېلىشىمىز ۋە تولۇق نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك .**

**3) ۋەتىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ رېئاللىقى (ۋاقىئەسى) : ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، خەلقىمىزنىڭ ئېتقادى، تەبىئىتى، مىجەز- خارەكتىرى، ئۆرۈپ-ئادىتى، پەننى ۋە دىنى مائارىپ سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي ھالىتى، نوپۇسى، خىتاي بىلەن بولغان تارىخى تەجرىبە - ساۋاقلىرى قاتارلىقلار  ياخشى ئىگەللىنىشى ۋە تولۇق نەزەرگە ئېلىنىش لازىم.**

**4) يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ رېئاللىقى (ۋاقىئەسى) : نۆۋەتتىكى دۇنيا سىياسىي ئەندىزىسى ۋە ئۇنى زاھىرەن كونترول قىلىپ تۇرىۋاتقان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ماھىيىتى؛ دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر؛ ئۇنىڭدىكى بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا بولغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئامىللار؛**

**كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىزنىڭ يىقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلامى ئىنقىلاب تارىخىمىزغا بولغان تەسىرىنىڭ ئاچچىق تەجرىبە – ساۋاقلىرى ... قاتارلىقلار تولۇق ئىگەللىنىشى، تولۇق نەزەرگە ئېلىنىشى زۆرۈر.**

دېمەك ، بىزدە يۇقۇرىدىكى تۆت ئامىلنى چىقىش قىلغان ئاساستا رىئال ، ئەمەلى ۋە ئەقىدىمىزگە لايىقلاشقان ، توغرا بولغان بىر سىياسىي يول خەرىتىسى ________ ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي سىياسىي پروگراممىسى بولىشى كېرەك. دەرۋەقە بۇمۇ ھەم بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بولغان ئىسلامى ئەقىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى ، ھەم نەق مەيدان رىئاللىقىمىزغا مۇۋاپىق بولۇشى لازىم ؛ ئەگەر ئەقىدىمىزگە خىلاپ بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان ياردەم كېسىلىدۇ ؛ ناۋادا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسا ، ئىككى خىل ئېھتىماللىقنىڭ بىرسى يۈز بېرىدۇ _____ يەنى ھەددىدىن زىيادە غايىۋى بولۇپ كەتسە ، ئەمەلى ھەرىكەتكە ئۆتكەندە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمىز ؛ غايىۋى ، خىيالى نەرسىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئاستا ، پاسسىپ بولۇپ كەتسە ، دۈشمەننىڭ يوقۇتۇش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەي قالىمىز ، كۈرەشنىڭ ئەھمىيتى بولماي قالىدۇ ؛ ئۈممەت بىزدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ.

ھوشيار مۇسۇلمان ئۆزىنى بىر تۆشۈكتىن يىلانغا ئارقا –ئارقىدىن ئىككى قېتىم چاقتۇرمايدۇ.

دۈشمەن رېئاللىقى ، بىزنىڭ رىئاللىقىمىز ، خەلقىمىزنىڭ رىئاللىقى ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلىرى ؛ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئىنقىلابىمىزغا بولغان تەسىرى .......... قاتارلىقلارنى خۇلاسىلەپ چۈشەنگىنىمىزدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ ئىنتايىن زىل ۋە نازۇك سىياسىي خارەكتىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردىن ناھايىتى يۇقۇرى سىياسىي ساپا ۋە سەزگۈرلۈك تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى

تونۇپ يېتەلەيمىز. شۇڭلاشقا ئىنقىلابىمىزدا باشتىن - ئاخىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئومۇمىي سىياسىي يېتەكچى پرىنسىپ قىلىش ناھايىتى زۆرۈر دەپ قارايمىز .

**1- داۋايىمىزنىڭ پەقەت قورال كۈچى ـــــــ جىھاد يەنى ئۇرۇش ئارقىلىق ھەل بولىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشىنىش، «تىنچ سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش» دېگەن خام-خىيالنى كاللىدىن چۆرۈپ تاشلاش كېرەك .**

بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەپنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز :

بۇ بىر تەرەپتىن ئەقىدىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بولۇپ ، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىمىز ئوچۇق - ئاشكارە كۆرسەتكەن يول ، بىر ئىلاھى قانۇنىيەت ؛ ئەگەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ، دۈشمىنىمىز بىلەن بىر مەيدان جىھاد قىلساق ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇركى ــــ چوقۇم غەلبە قىلىمىز ، بولمىسا خارلىقتىن قۇتۇلالمايمىز .

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمان ئېيتمىغان ، كۇفرىدا ، زۇلۇمدا ئەزۋەيلىگەن كافىر قەۋملىرىنى ئەينى زامان پەيغەمبەرلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۆزىنىڭ تۈرلۈك بالالىرىنى ئەۋەتىپ ھالاك قىلغان، ھالبۇكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھالاكىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قوراللىق جىھادى بىلەن ئىشقا ئاشقان ......... ۋە بۇ تاكى قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە تۇتقان سۈننىتىدۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن كېينكى ھەربىر ھەددىدىن ئاشقان سەركەش قەۋمنىڭ تەختىنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ جىھادى ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقى مۇھەققەقتۇر. ئىنشائاللاھ !

* فىرئەۋننىڭ تەختى - ۋەختى دېڭىزغا غەرق بولۇپ تۈگىدى.
* نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى توپان بالاسى بىلەن ھالاك بولدى .
* ئاد قەۋمى قاتتىق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى .

* ئاللاھ كەبىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كەلگەن فىل ئىگىلىرىنى ئاددى قۇشلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھالاك قىلدى .

* نەمرۇدنىڭ تەختى پاشا بىلەن ئاخىرلاشتى.

* مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ جىھادى بىلەن تەلتۆكۈس قۇرۇتۇلدى .

بۇ يەردە دىققەت نەزىرىمىزنى تارتىپ ، بىزگە ئىلاھى ئىلھام بېغىشلاۋاتقان بىر نۇقتا بار ، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا پاشا ، پاقا ، قۇش دېگەنگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىكى ئاددى مەخلۇقاتلارنى ئىلگىرىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ، مەغرۇر قەۋملەر خانىدانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ سەۋەبى قىلىپ قويىدى ؛ شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمىزكى زامانىمىزنىڭ كۈرەك فىرئەۋنلىرىنىڭ سەلتەنىتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرى ھېچ نەزىرىگە ئالمايدىغان ئاز ، ئاددى كىشىلەرنىڭ جىھادى بىلەن بەربات قىلىنىدۇ ، ئىنشائاللاھ !!!

﴿ كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٢٤٩﴾ ﴾ البقرة: ٢٤٩

(تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن الله قا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار:) «الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. الله چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر [249]. سۈرە بەقەرە

يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ جەڭسىز ۋەتىنىمىزنى بىزگە تاشلاپ بەرمەيدىغانلىقى دۇنياۋى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر ئىش ، چۈنكى:

**1) خىتاي تەرەپتىن قارىغاندا:**

(1) خىتاي كوممۇنىست ئىدىئولوگىيىسىدىكى ، بىر پارتىيە دىكتاتورلۇقىدىكى بىر مۇستەبىت دۆلەت. خىتاي بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈرەش ھاكىمىيەت كۈرىشى

يەنى «شەرقىي تۈركىستانغا كىم ھاكىم بولىدۇ ؟» دېگەن كۆرەشتۇر ؛ قانداقتۇر «مىللەتلەر باراۋەرلىكى» ، «ئىنسان ھەقلىرى» ، «خىتاينىڭ دىنى سىياسىتىنى يۇمشىتىش» ، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى دەپسەندىچىلىكى » ۋە ياكى «يۇكسەك ئاپتونومىيە» ماۋزۇسىدىكى كۆرەش ئەمەستۇر .

بىز ئەزەلدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتراپ قىلغان ئەمەسمىز. خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدىكى قانۇنسىز ھاكىمىيىتىنى مەڭگۇ ئېتراپ قىلمايمىز ، بۇ مەيدانىمىزدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيمىز.

خىتاينىڭ تەبىئىتى ، دۆلەت خاراكتېرى ۋە ئۇ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا ، خىتاي بىلەن ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە سۆلھى ۋە مۇرەسسە قىلىپ ئورتاق كېسىشمە نۇقتا ھاسىل قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

(2) ئىقتىسادى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، خىتاي ئۆز سانائىتىنىڭ ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ئۈچۈن تەييار خام – ئەشيا بازىسى ، بايلىقلار ماكانى ، بۇلغىما قويۇپ بېرىش بوشلۇقى ۋە ئۆز سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان بازار ئېچىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېخمۇ يىراققا كېڭىيىشتىكى ئۆتۈشمە كارىدور بولغان ۋەتىنىمىزدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ.

(3) خىتاي ھازىر «خىتاي چۈشى » پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈۋاتىدۇ ؛ سىياسىي ، ئىقتىسادى ۋە ھەربىي جەھەتتىن كېڭىيىپ ، چوڭ دۆلەت ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ، دۇنيا سىياسىيسىنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى يالغۇز تۇتۇش ئۈچۈن ھەدەپ تىپىرلاۋاتىدۇ ؛ خىتايلارنىڭ تارىختىكى زېمىن ، تەسىر دائىرە كېڭەيتىش قارا نىيىتى بۈگۈن «خىتاي چۈشى» ۋېۋىسكىسى بىلەن چىرايلىق پەردازلىنىپ گىرىم قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاينىڭ تارىختىن بېرى زېمىن كېڭەيتىش ، تاجاۋۇزچىلىق

ئۇسۇلى بىلەن ئورۇنۇپ كەلگەن ۋە ھازىر تېخىمۇ تەلۋىلەشكەن چوڭ دۆلەتلىك قارا نىيىتىمۇ ئۇنى بۇ زېمىندىن ۋاز كېچىشكە يول قويمايدۇ.

(4) خىتاي ھازىر ئۆزىنىڭ ماددى كۈچ- قۇۋۋىتىگە تامامەن ئىشىنىدۇ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئىچكى- تاشقى جەھەتتىن ھېچقانداق كىرىزىس خارەكتېرلىك بېسىمغا ئۇچرىغىنى يوق، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىتاي ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە بىز بىلەن مۇرەسسەلىشىشنىڭ ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى ۋە ئورنى يوق دەپ قارايدۇ.

## 2) خەلقئارا نۇقتىدىن قارىغاندا:

دۇنيانىڭ ھازىرقى سىياسىي ئەندىزىسىنى زاھىرەن بەلگىلەپ تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ماھىيىتى، بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنى قوللاش مايىللىقى ۋە قوللاش ۋەزىيىتى؛ دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ، ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەر؛ خىتايغا رىقابەت دۆلەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت رېئاللىقى شۇنداقلا بىزنىڭ مۇسالمانلىق سالاھىيىتىمىز ............ قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلغاندا، دۇنيادىكى ھازىرقى مەۋجۇت ھېچقانداق بىر دۆلەت بىزگە غەرەزسىز، بەدەلسىز ياردەم بەرمەيدۇ ۋە بېرەلمەيدۇ؛ يەنى خالىس، ئۆز دۆلەت مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ قارشىسىدا بىزنىڭ داۋايىمىزغا ئىگە چىقىدىغان بىرەر دۆلەتنى تاپقىلى بولمايدۇ؛ بەزى دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار ئوخشىمىغان مەقسەتلەردە ئىنسانپەرۋەرلىك، دىنى، مىللىي ھېسداشلىق نۇقتىسىدىن ئايرىم، چەكلىك ياردەملەردە بولۇشى مۇمكىن، بۇ پەقەت «بۇرۇتىنى ئاشقا ، قورساق تويماپتۇ» دېگەندەك، بىزنىڭ تەشنالىقىمىزنى قاندۇرالمايدۇ؛ ھېچ بىر دۆلەت خىتاي بىلەن بولغان ھاكىمىيەت مەسىلىسىمىزدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدۇ؛ يەنى ھېچقانداق دۆلەت ياكى تەشكىلات خىتايدەك بىر مۇتتەھەم ، دىكتاتور، زوراۋان، دىندىن مەھرۇم قالغان، ئىنسانى ھېس-تۇيغۇلىرى ئۆلگەن كوممۇنىست ھاكىمىيەتنى زورلۇق كۈچ ياكى ئۆز مەنپەئەتلىنى قۇربان قىلىش

بەدىلىگە بىز بىلەن ھاكىمىيەت ئىشىدا  سۆھبەت ئۈستىلىگە ئېلىپ كەلمەيدۇ ۋە كېلەلمەيدۇ .

ھازىرقى دۇنيادىكى  پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىيتىدىكى چىقىش نۇقتا : ئالدى بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ، مىللى مەنپەئەتىنىڭ زىيانىغا ئۇچرىماسلىقى بەلكى پايدىغا ئېرىشىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇڭا «تىنچ  سىياسىي يول» تەرەپدارلىرىنىڭ شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆزلىرى ئىشەنگەن غەرب ئەللىرىدە تىنماي قاتراپ ، نۇرغۇن مۇشەققەتلىك  «سوغۇق ئۇرۇش» لىرى نەتىجىسىدە  ئىنتايىن يۈزەكى ۋە ئۇمىتسىز «مۇۋەپپىقىيەت» لەرگە ئېرىششى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ ئاتالمىش « مۇۋەپپىقىيەت» لىرى:

(1) ئامېرىكا ، باشقا غەرب ئەللىرى ۋە باشقا دۆلەتلەر ، ھەتتا ئۇيغۇرلار ئەڭ ئىشەنگەن تۈركىيەمۇ خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى تولۇق ئېتراپ قىلىدۇ.

ئۇلار داۋاملىق ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىدە «شەرقىي تۈركىستان» ، «مۇستەقىللىق» دېگەنگە ئوخشاش  سەزگۈر ماۋزۇلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ؛ ھەتتا ئۇلار ھۆكۈمەتكە تەۋە تېلېۋىزور ، رادىئو ، توربەت  قاتارلىق ئاممۋى تاراتقۇلاردا ۋە تەتقىقات ، ئاخبارات ، يىغىن ، بايانات ، دۆلەت زىيارىتى قاتارلىقلاردىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتمەي «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن خىتايچە ياسالما نامنى ئىشلىتىدۇ ؛ تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى غەرپنىڭ ئەركىن زۇۋانى بولمىش ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» دېيەلمەي «ئۇيغۇر ئېلى» دېيىشكە مەجبۇر .

(2) ھېچقانداق دۆلەت ، دۆلەت رەھبىرى ياكى خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە ياكى خەلقئارالىق تاراتقۇلار ئۇيغۇرلانىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى ، شەرقىي  تۈركىستاننىڭ

مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىمايدۇ ياكى بۇنداق بىر مەيداننى ئاشكارە ۋە رەسمىي ئىپادىلىمەيدۇ ؛ چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيانلىق ، ھەتتا بۇ ئىش ئۇلار ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان خەلقئارالىق ئەھدىنامىلەرگە خىلاپ.

(3) ئامېرىكا ، ياۋروپادىكى غەرب ئەللىرى ۋە تۈركىيە قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان «تېنچ سىياسىي يول» تەشەببۇسچىلىرى پائالىيەت قىلىدىغان ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى «ئىنسان ھەقلىرى» ، «دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى» ، «خىتايدىكى ئېزىلگۈچى مىللەت» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش» ناملىرىدىكى ئىجتىمائىي كاتوگورىيىدىكى مەسىلە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ كەلدى ۋە شۇ دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار تەييارلىغان نۇرغۇن دوكلات ، تالاي يىغىنلار ، مىڭلىغان پاكىتلىق خەۋەرلەردىن كېيىن مەزكۇر ھۆكۈمەتلەر خىتايغا قارىتا «ئۇمىد قىلىمىز» ، «چاقىرىق قىلىمىز» ، «ھۆرمەت قىلىنسا» دېگەنگە ئوخشاش ، خىتاينىڭ موينى تەۋرىتەلمەيدىغان ، تەسىرى يوق ، قىسقا باياناتلارنى ئېلان قىلىپ ئىشنى تۈگىتىپ كەلدى ؛ ھەتتا شۇنچىلىك ئەھمىيەتسىز باياناتلارمۇ ئۇلارنىڭ «غەرەزلىك ياردەم» پىرىنسىپلىرىنىڭ سىرتىدا قالمىدى .

بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن شۇنچە تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما غەرب ئەللىرىدە بۇ داۋا تا ھازىرغىچە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتى» سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈلۈپ ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى ؛ ھەتتا «تىچلىقپەرۋەرلەر» «تولۇق مۇستەقىللىق» تىن ۋازكېچىپ «يۇكسەك ئاپتونومىيە»گە چۈشۈپ باققان بولسىمۇ ، تېنچ سىياسىي سۆھبەتنىڭ قارشى ساھىلدا خىتاينىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىدى.

(4) شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى دۇنيادا ھېچ بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت سىياسىتىنىڭ مۇنتىزىم ، مۇھىم خىزمەت كۈن تەرتىپى قاتارىغا كىرگۈزۈلگىنى يوق ، تېخى

بىرەر دۆلەتنىڭ سېستىمىلاشقان ، پارلامېنتتىن ئۆتكەن تەۋرەنمەس ، مۇنتىزىم شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىمۇ يوق.

دېمەك ، ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى ــــــ «تېنچ سىياسىي يول » بىلەن «ئىنسانپەرۋەرلىك ، مېھرىبانلىق ، ھېسداشلىق ، ئىچ ئاغرىتىش» خاراكتېرلىك يېشىمىزنى سۇرتۇپ قويۇش تېپىدىكى چەكلىك قوشۇمچە نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولۇشى مۇمكىن ؛ ئەمما ھاكىمىيەتكە ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازاتلىقىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ ، چۈنكى ھاكىمىيەت ــــ يالۋۇرۇپ ، يىلىنىپ ، باشقىلارغا تىزلىنىپ ، كۆز يېشى بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە بولماستىن بەلكى ، زورلۇق كۈچ بىلەن ، قان ئېقىتىپ تۇرۇپ ئېرىشىدىغان نەرسە.

شۇڭلاشقا خام خىيال قىلمايلىكى ــــ جەڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئۇسۇلدا دۈشمەن بىزگە ھاكىمىيەتنى ھەرگىز تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ.

دەرھەقىقەت ـــــ دۇنيادىكى سىياسىي كۆرەشلەرنىڭ ئاخىرقى خۇلاسە تامغىسىنى باسىدىغان نەرسە يەنىلا قورال كۈچىدۇر .

يىغىپ ئېيتقاندا ، مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئىنقىلاب يولىدا جىھاد ــــ ئۇرۇش ھامان بىزنىڭ ئىلاھى ۋە مەنتىقىۋى مۇقەررەر تاللىشىمىزدۇر.

**2- ئىنقىلابىمىز باشتىن-ئاخىرى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر چوڭ سىياسىي كۈچكە بېقىنىپ قالماسلىقى ياكى ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك ھوقوقى دۈشمىنىمىز ۋە ياكى باشقا چوڭ كۈچلەر ۋەكىللىرىنىڭ، گۇماشتىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى؛ ئىنقىلابىمىزنىڭ رەھبەرلىك تىزگىنىنى ھامان ئۆزىمىز تۇتۇپ تۇرۇشىمىز؛ ئەڭ ئاخىرقى قارار چىقىرىش، تەدبىر بەلگىلەش ئۆزىمىزنىڭ كونتروللىقىدا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك .**

تارىخنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز، يېقىنقى زامان ئىسلامى ئىنقىلاب تارىخىمىزدا ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قالدۇرۇپ كەتكەن :

**«كەتمەكنى ئىرادە ئەيلەپ،كېمە ياسىدۇق قاشتا**

**ئاق خان بىلەن قاراخان ئىتتىپاق ئىكەن باشتا؛**

**ئالمۇتۇغا كۆچ دەيدۇ ، بارار يېرىمىز قۇملۇق**

**راست گېپىنى قىلمايدۇ كۆزى كۆك بېشى يۇڭلۇق».**

دېگەنگە ئوخشاش ئاچچىق تەجرىبە—ساۋاقلاردىن، ھەسرەتلىك پاجىئەلەردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز؛ تارىختىن دەرس ئۆگىنىشكە سەل قارىماسلىقىمىز؛ ئۇلار ئۆتكۈزگەن ئەقىيدىۋي، سىياسىي خاتالىقلارنىڭ ئوخشىشىنى قايتا سادىر قىلىپ يەنە بىر قېتىم نادامەت چېكىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم .

شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئەزەلدىن ئۆز ئىسلامى ئەقىدىسىنى، ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا قۇربانلىق بېرىشتىن قورقۇپ قالغان خەلق ئەمەس؛ مۇسۇلمان خەلقىمىز تارىختىن بېرى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تىنىماي كۈرەش قىلىپ، دىن يولىدا سان — ساناقسىز شەھىدلەرنى بېرىپ كەلگەن؛ ئۆزلىرىنىڭ ماللىرى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلىپ، ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە بۇ دىننى بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرغان؛ ئەمما ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىكى نادانلىق، سىياسىي ساۋاتسىزلىق، دىنىمىزنىڭ ئەسلى مەنھەجىدىكى سىياسىي مەنا — مەقسەتنى، ھۆكۈمران دىن بولۇشتىن ئىبارەت ئەسلى ئەقىدىۋي سالاھىيەتنى بىلمەسلىك، دىن دۈشمەنلىرىنى تونۇماسلىق سەۋەپلىك ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك تىزگىنى دۈشمەننىڭ قولىغا قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويۇلغان ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامى ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا، دۇنياۋىي چوڭ كۈچلەرگە قارغۇلارچە بېقىنغان ۋە ياكى چوڭ كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئىنقىلاپنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى باشقۇرغۇچىسى بولۇۋېلىپ ئىنقىلابلىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى بويىچە خالىغانچە ئوينىغان ؛ شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز ئۆز دىنى، ۋەتىنى ئۈچۈن ئاقتۇرغان دەريا — دەريا قانلىرىنىڭ دۇنيالىق سەمەرىسىنى كۆرەلمىگەن .

تۆمۈر خەلىپە ئۆتكۈزگەن ئوخشاش خاتالىق خوجىنىياز ھاجىدا سادىر بولغان، ئۇنىڭدىن ئېغىرراق ئەقىدىۋى ۋە سىياسىي خاتالىق 1944- يىلدىكى ئىلى ئىنقىلابىدا سادىر بولغان .

يېقىنقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىزنىڭ يېقىنقى زامان ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزغا بولغان تەسىرى؛ دۈشمىنىمىزنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان كۈرەشلەردىكى تەجرىبە- ساۋاقلار؛ نۆۋەتتىكى دۇنيا سىياسىي ئەندىزىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىۋاتقان ئاساسلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ماھىيىتى؛ دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە ئۆلارنىڭ دۈشمىنىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ھەم ھازىرقى بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا تۇتقان پوزىتسىيىسى؛ ئېرىشكەن نەتىجىلەر؛ ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئورنى؛ ئەمەلى كۈچىمىز؛ بىزنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىمىز ........ قاتارلىق ئامىللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلساق مۇنداق بىر خۇلاسىگە ئېرىشىمىز:

1) يېقىنقى زامان ئىسلامى ئىنقىلابىمىزغا ئوسمانى خىلاپىتىدىن باشقا ھېچقانداق بىر دۆلەت غەرەزسىز ، خالىس ياردەم بېرىپ باقمىغان.

ئىلى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى سۇلتانلىقى، ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرىيە (يەتتە شەھەر) دۆلىتى، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى، خوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭى، 1933 — يىلدىكى «شەرقي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ، 1944 —يىلدىكى ئىلى ئىنقىلابى ۋە «شەرقي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قاتارلىقلارغا قارىتا شۇ زاماندىكى ئاساسلىق كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بولغان چارروسىيە ، ئەنگلىيە ، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتى تامامەن ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى، سىنىپى، مىللى مەنپەئەتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، زېمىن، بايلىققا ئېرىشىش؛ يۇتۇۋېتىش ياكى دۈشمىنىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پايدىلىنىش؛ چوڭ مەنپەئەتلەرنىڭ سىياسىي قۇربانلىقى قىلىۋېتىش قارا نىيىتىنى ئاشكارلىغان ۋە ئاخىردا ۋاپاسىزلىقى، يۈزسىزلىكى، ئىككى يۈزلىمچىلىكى، مەنپەئەتپەرەسلىگى، سىياسىي

ساختىپەزلىكى ، ئىشەنچسىزلىكى ، مەنپەئەت ئالدىدىكى تۇراقسىزلىقى ، مەيدانسىزلىقى ، دىن دۈشمىنى ئىكەنلىكى ۋە ھەتتا شەرقىي تۈركىستاندا نامىغا بولسىمۇ بىر مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەسلا خالىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقىي ئىچكى ماھىيىتى تولۇق نامايەن بولغان .

2) دۈشمىنىمىز بىلەن بولغان ئىنقىلاپ تارىخىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مەيلى مانجۇ چىڭ خانلىقى بولسۇن ، مەيلى گومىنداڭ مىنگو ھۆكۈمىتى بولسۇن ، مەيلى كوممۇنىست خىتاي بولسۇن ؛ مەيلى ياڭزېڭشىن ، جىن شۆرېن ، شىڭشىسەي بولسۇن ۋە ياكى ۋاڭجېن ، ۋاڭئېنماۋ ، ۋاڭ لې چۈەن ، جاڭ چۈنشيەن ، چېن چۈەنگو بولسۇن ؛ مەيلى جىياڭجېيشى ، ماۋزېدوڭ ، دېڭشياۋپىڭ ............ شىجىنپىڭ بولسۇن ، ئۇلاردىن بىزنىڭ كۆرگىنىمىز پەقەت ۋاپاسىزلىق ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق خالاس .

ھەرقېتىم ئىنقىلابىمىزنىڭ ساددا رەھبەرلىرى ئاق كۆڭۈللۈك ، نادانلىق ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئالدىنىپ قورالىنى ، قوشۇنىنى (مۇجاھىدلارنى) تاشلاپ ؛ ئارمىيەدىن ئايرىلىپ ؛ ھېچقانداق ھەربىي بىخەتەرلىك كاپالىتى تەدبىرلىرىنى ئالماستىن ، سۆھبەت ئۈستىلىگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاپاسىز ، ئەقىدىسىز ، ئىككى يۈزلىمچى ، قارا نىيەت ، مېھرى- شەپقەتسىز ، ياۋۇز ، قانخور ، ئادەمخور ، زالىم ، سىياسىي ئالدامچىلىقىدىن ئىبارەت «قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە» لىك ئەسلى تەبىئىتىنى بىزگە تولۇق ئاشكارلاپ كەلگەن.

3) ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ، ئاساسلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى زەنجىرى ______ ئەينى ۋاقىتتىكى بىزنىڭ قان-ياشلىق تارىخىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنيا

ۋەزىيەتتىدىن ماھىيەتلىك پەرقلەنمەيدۇ ؛ ياقۇپبەگكە غەرەزسىز ياردەم قىلغان «ئوسمانى خىلافىتى» نىڭ ئوخشىشى ھازىرچە يوق .

ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئاتالمىش «خالىس ياردەم» تونىنى كىيىۋالغان چوڭ كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىي ھەركەتلىرىنى ئويناۋاتقانلىقىنى، سۈيئىستىمال قىلىۋاتقانلىقىنى ؛ بىر ئەلنىڭ تەقدىرىگە يەڭگىللىك بىلەن چاخچاق قىلىۋاتقانلىقىنى ؛ «تىنچ سىياسىي يول كۆرەشلىرى نەتىجىلىرى» نى خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادى، سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىيابەت زاكوسكىسى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز .

ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلبە مېۋىسىنى ئوتتۇرا يولدا ئۆز دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ياكى ئۆز تەقدىرىمىزنى چوڭ كۈچلەرگە، دىن دۈشمەنلىرىگە ھاۋالە قىلىپ ، كۆپ قېتىم ئېغىزىمىز قېتىقتا كۆيۈپ قالغان ؛ مېۋىمىزنى ئوغرىغا تارتقۇزۇپ قويغان خەلقىمىز ؛ ئوغرىلارنىڭ ماھىيىتى ھېچ ئۆزگەرگىنى يوق ؛ ھاكىمىيەت باشلىقلارنىڭ زاۋۇتىغا زاكاس قىلىپ ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ زاۋۇتىدا پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بۇ نۇقتىغا سەل قاراپ ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلساق ، يەنە ئوخشاش ئاقىۋەتكە ___ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ، چوڭ كۈچلەرنىڭ شاھمات تاختىسىدىكى پىچكا بولۇش گىردابىغا چۈشۈپ قېلىشىمىز ئېنىق، چۈنكى ئۇلار نۆۋەتى كەلگەندە ئەينى ۋاقىتتىكى « يالتا يىغىنى» نىڭ ئوخشىشىنى يەنە ئېچىۋېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار .

شۈڭلاشقا بىز ئەمدى «كۈچلۈكلەر» نىڭ دۈشمىنىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى سىياسىي يوچۇقتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىشىمىز، ئەمما كۆكۈلىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۇلارنىڭ يەنە بۇرنىمىزدىن يېتىلىشىگە ، پۇتىمىزغا ھۆل خىش قويۇشىغا ، ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ شوتىنى ئېلىۋېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز لازىم .

ئەنگىلىيەنىڭ يېقىنقى زاماندىكى مەشھۇر دىپلوماتىيە ۋەزىرلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن:— «ئەنگىلىيەنىڭ مەڭگۈلۈك دوستىمۇ يوق، مەڭگۈلۈك دۈشمىنىمۇ يوق، پەقەت مەڭگۈلۈك مەنپەئەتىلا بار».

بۇ بىزگە رەببىمىز ئاللاھ نىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلىتىدۇ: —

﴿ كَيْفَ وَإِن يَظْهَرُوا عَلَيْكُمْ لَا يَرْقُبُوا فِيكُمْ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً ۚ يُرْضُونَكُم بِأَفْوَاهِهِمْ وَتَأْبَىٰ قُلُوبُهُمْ وَأَكْثَرُهُمْ فَاسِقُونَ ۝٨ اشْتَرَوْا بِآيَاتِ اللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَصَدُّوا عَن سَبِيلِهِ ۚ إِنَّهُمْ سَاءَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۝٩ لَا يَرْقُبُونَ فِي مُؤْمِنٍ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً ۚ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُعْتَدُونَ ۝١٠ ﴾ التوبة: ٨ ـــ ١٠

مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى ئېغىزلىرىدا خۇش قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) خالىمايدۇ (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن، كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىفاق بىلەن تولغان). ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر [8]. ئۇلار االله نىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال . مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى، (كىشىلەرنى) االله نىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [9]. ئۇلار مۆمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر [10]. سۈرە تەۋبە

**3 - ئىنقىلابىمىزنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئۆز ئىنقىلابىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە بولۇپ، كۈرەشلىرىمىزنىڭ ئاخىرقى مۇۋەسسەگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش؛ ھەرقانداق شەكىلدىكى<شاھمات> ئويۇنلىرىغا ئۇنۇملۇك تاقابىل**

**تۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل قوراللىق كۈچلىرى، يەنى ______ ئۆز ئارمىيىمىز بولۇشى لازىم .**

﴿ وَأَعِدُّوا۟ لَهُم مَّا ٱسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ ٱلْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ يَعْلَمُهُمْ ۚ وَمَا تُنفِقُوا۟ مِن شَىْءٍ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ ﴿٦٠﴾ ﴾ الأنفال: ٦٠

دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن ، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار ، بۇنىڭ بىلەن ، االله نىڭ دۈشمىنىنى ، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر ، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر ، االله تونۇيدۇ ، سىلەرنىڭ االله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ) [60]. سۈرە ئەنفال

﴿ وَإِن يُرِيدُوٓا۟ أَن يَخْدَعُوكَ فَإِنَّ حَسْبَكَ ٱللَّهُ ۚ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِۦ وَبِٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٦٢﴾ ﴾ الأنفال: ٦٢

ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا ، الله (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. الله سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى [62]. سۈرە ئەنفال

ئارمىيە _____ ئىنقىلابنىڭ تۈۋرۈكى ، مۇجاھىدلار قوشۇنى ئىسلامى ئىنقىلابنىڭ جېنى ، ھەر قانداق ئىنقىلابنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئارمىيىسى بولمايدىكەن ئۇ مەغلۇپ بولىدۇ. ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق تەشكىلات ، قوراللىق كۈچكە ئىگە بولالمايدىكەن ؛ ئۇنىڭ ئۆز نەزەرىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى

زورلۇق كۈچى ____ ئارمىيىسى بولمايدىكەن ؛ بۇ تەشكىلات ساھىبلىرى ، بۇ ئىنقىلاپ رەھبەرلىرى مەڭگۈ قۇرۇق شوئار ، قۇرۇق ئارزۇنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازاتلىق يولىدا دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر چوڭ سىياسىي كۈچكە بېقىنماسلىق ؛ چوڭ كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابىمىزنى شاھمات تاختىسىدا خالىغانچە ئوينىشىغا يول قويماسلىق ؛ دۈشمىنىمىزگە كوكۇلىمىزنى تۇتقۇزماسلىق ؛ پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىپ ، ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ، جىھاد ____ ئۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ، توغرا ئىسلامى مەنھەجىدىكى تەشكىلات ئاستىغا ئويۇشقان ؛ قۇرئان- سۈننەت ئاساسىدىكى رەھبەرلىككە مۇتلەق ئىتائەت قىلىدىغان زور بىر تۈركۈمدىكى قوراللىق كۈچىمىز ____ جىھادى قوشۇنىمىز بولىشى كېرەك . ئۆزىمىزنىڭ قوشۇنى ____ ئارمىيىسى بولغاندىلا ئاندىن ، چوڭ سىياسىي كۈچلەرنىڭ «قۇربانلىق قىلىۋېتىش» نەيرىڭىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايمىز .

يەنى مۇھىم نۇقتا شۇكى ___ قوراللىق كۈچىمىز يەنى مۇجاھىدلار قوشۇنى بولۇشى ۋە ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزدا ، بىز ئۇنىڭ يېنىدا بولىشىمىز ؛ قوشۇننىڭ تىزگىنى ھامان باشتىن – ئاخىر ئۆزىمىزنىڭ ، يەنى قۇرئان-سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغان رەھبەرلىكنىڭ قولىدا بولۇشى ؛ رەھبەرلىك ھېچقاچان قورال تاشلىماسلىقى يەنى ئارمىيە (مۇجاھىد) تىن ئىبارەت قورالىدىن ھېچ ۋاقىت ئايرىلماسلىقى ۋە ۋاز كەچمەسلىكى شەرت.

﴿ وَدَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَٰحِدَةً ۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَن تَضَعُوٓاْ أَسْلِحَتَكُمْ ۖ وَخُذُواْ حِذْرَكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿١٠٢﴾ ﴾ النساء: ١٠٢

كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن ، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى ، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى

دۈشـمەنلەرنىڭ سـىلەرگە ھۇجـۇم قىلىـش پۇرسـىتىگە ئـىگە بولالماسـلىقى ئۈچـۈن ، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار ، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار ، اﷲ ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى [102]. سۈرە نىسا

نامەرد تارىخى دۈشمەنلىرىمىز ھەممىشە بىزنى يۈزمۇ - يۈز جەڭ مەيداندا يېڭەلمەي ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس «يولۋاسنى تاغدىن چۈشۈرۈپ باپلاش» ھىيلىسى بويىچە قورالىدىن ئايرىپ ئۆجۇقتۇرۇشقا كۆنۈپ قالغان. تۆمۈر خەلىپە ، خوجىنياز ھاجى ، ئەلىخان تۆرە.... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە- نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى ھالدا قورال تاشلىغان ______ ئۆز ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بەختسىزلەردۇر. ئارمىيىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى ياخشى بىلگەن دۈشمەن ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمى ، ئابدۇكېرىم ئاباسوفلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى گۇماشتىلىرىنىمۇ ئىشلىتىپ ئېھتىياجى تۈگىگەندە ، ئارمىيىسىدىن ئايرىپ ، قىلچە رەھىم قىلماستىن «بىر قېتىملىق ئىستاكان» قاتارىدا ئەخلەت چېلەككە تاشلىۋەتكەن .

1933- يىلى « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرغان سابىت داموللام قورال كۈچىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ ، شۇنچە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ، ھەتتا خوجىنياز ھاجىغا رەئىس — جۇمھۇرلۇق ئورنىنى بېرىپ بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قولىدىكى قوشۇنغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ، خوجىنياز ھاجى سابىت دامولام تەرەپكە كېلىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىس - جۇمھۇرلۇقنى قوبۇل قىلماستىن ، ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىپ ، قۇرۇق قول ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىڭشىسەي « ئىلتىپات قىلغان» مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسلىكنى قوبۇل قىلغان ۋە ئاخىرىدا شىڭشىسەي تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن ، ئارمىيىسىز قالغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » مۇ ئاخىرى يىقىلغان .

**4-ھەممىمىز ئەقىدىمىزگە ئۆيغۇن بولغان بىر رەھبەرلىك ئاستىغا ئۇيۇشۇپ كۈچ يادروسى ـــــ ئومۇمىي شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ توپلانما كۈچ مەنبەسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.**

بۈنىڭدا ئىككى مۇھىم نۇقتا بار ، بىرى خىتايغا قارشى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى بىر نۇقتىغا ، بىر رەھبەرلىككە يىغىلىشى كېرەك ؛ يەنە بىرى كۈچ مەركىزى بولغان رەھبەرلىك چوقۇم ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى ، توغرا مەنھەجدىكى رەھبەرلىك بولۇشى كېرەك. ئىككىسىدىن بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ.

ئەگەر كۈچ بىر نۇقتىغا يىغىلمىسا ، دۇنيالىق سەۋەب ھازىرلانمىغان بولىدۇ ؛ ئەگەر توغرا مەنھەجدىكى رەھبەرلىك بولمىسا ، اللەنىڭ ياردىمى كەلمەيدۇ ؛ بۇنىڭ ئاستىغا توپلانغان مۇسۇلمانلار نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ ، دۇنيادىمۇ ئەجىرنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمەي قالىدۇ ، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

الله ئۈچۈن ، دىن ئۈچۈن ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازاتلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ھىجرەت قىلىپ چىققان شەرقىي تۈركىستانلىق ئ ام مۇسۇلمانلار ئەڭ ئاخىرقى ، بىردىن — بىر قېلىپ قالغان ؛ ئەڭ قىممەتلىك بولغان جېنىنى ۋە ئەقىدىسىنى سەرپ قىلىشتا — ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مەبلەغ قىلىپ سېلىشتا «بىر يادرولۇق كۈچ ھاسىل قىلىش» ۋە «توغرا مەنھەجدىكى ئەقىدىۋىي رەھبەرلىك» تىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

خىتايدىن ئىبارەت نوپۇسى كۆپ ، سىياسىي ، ئىقتىسادى ، ھەربىي جەھەتلەردە دۇنيادا خېلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىۋاتقان ، ھەتتا يادرو قورالىغا ئىگە بولغان كۈچلۈك بىر دۆلەتكە نىسبەتەن زور پەرقلىق بولغان چەكلىك كۈچىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ؛ مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ماددى ۋە مەنىۋى كۈچىنى بىر نۇقتىغا يىغىش ئۈچۈن ، چوقۇم بىز ھەرقانداق شەكىلدىكى قىسمىي ، كىچىك مەنپەئەتلەرنى ـــــ شەخسىي ، تەشكىلات ، جامائەت قاتارلىقلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ، ئۈممەتنىڭ ـــــ

ئومۇمىي شەرقىي  تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ مەنپەئەتكە بوي سۇندۇرۇشىمىز لازىم. شەرقىي  تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازاتلىقىدىن ئىبارەت چوڭ مەنپەئەت ئۈچۈن ، شەخسىي ئورۇن ، شەخسىي سالاھىيەتلەردىن ؛ شەخسىي ھۆرمەتلەردىن ؛ بىركىشىلىك دۇنيالىق ئىززەتلەردىن ۋاز كېچىپ ؛ ئايرىم ، قىسمىي بولغان مەنپەئەتلەرنى ئومۇمىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن قۇربان قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك .

مانا بۇ شەرئى ، مەنتىقىۋى قائىدىنى شەرقىي  تۈركىستانلىق ئومۇمى مۇسۇلمانلار ، بولۇپمۇ ئەھلى- ئىلىملەر ،  شەرئىي ئۇستازلار ، زىيالىلار ، سىياسىيونلار ، جامائەت ئەربابلىرى ، نوپۇزلۇق زاتلار ، تەشكىلات رەھبەرلىرى... قاتارلىق جەمئىيەتتىكى تەسىرى بار كىشلەرنىڭ ياخشى چۈشۈنۈشى بەكمۇ زۆرۈر.

ئەگەر ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئېغىزلىرىدا ئېلان قىلىپ يۈرگەن ئاللاھ ئۈچۈن ، دىن ئۈچۈن ، مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ ئىسلامى ئازاتلىقى ئۈچۈن دېگەن شۇئارلىرى قەلبلىرىدىكى راست سۆزلىرى بولىدىغان بولسا ، شەرقىي  تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن ، دىنى ، مىللى كىرزىسقا تولغان مۇشۇنداق جىددى ، ئاچقۇچلۇق تارىخى پەيتتە ، بىرلىككە كەلگەن كۈچ مەنبەسى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناپ خىسلىتىنى ئېپادىلەپ ؛ دىللىرىدىكى كىبىر ، گىنە - ئاداۋەت ، مەنمەنلىك ، ھوقۇقپەرەسلىك ، رەئىسلىك شەھۋىتى ، تەرەپبازلىق ، تەشكىلاتپەرەسلىك قاتارلىق مەنىۋى مەرەزلەرنى  چۆرۈپ تاشلاپ ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى قۇربان بېرىش ، ۋاز كېچىش ، تۆردىن چۈشۈش ، دۇنيالىق ۋاقتلىق  پەگادا تۇرۇپ قېلىشقا رازى بولۇشتىن ئىبارەت ئالى روھى بىلەن ئۈممەتكە ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

خىتايدا بار ماددى قۇۋۋەت بىزدە يوق ، ئەمما بىزدە  خىتايدا بولمىغان ، خىتاينىڭ ھەممە ماددى قۇۋۋەتلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەقىدىۋى قۇۋۋەت بار ؛ ئەگەر بىز ئەقىدە ئاساسىدا كۈچىمىزنى بىر رەھبەرلىك ئاستىغا جەملىيەلىسەك ، ئاز-چەكلىك كۈچىمىزنىڭ غايەت زور بەرىكىتىنى ؛ بىز ئويلاپ باقمىغان يوشۇرۇن قۇدرىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرەلەيمىز ، چۈنكى بۇ خىل جەملىنىش الله نىڭ ياردىمىگە لايىق بولغان جەملىنىشتۇر.

نىشانىمىزغا يېتىشتە بىزگە بىر اللە تىن باشقا ھېچ كىم ھەل قىلغۇچ ياردەم بېرەلمەيدىكەن ، ئۇنداقتا بىز ئەلۋەتتە اللە ۋە رەسۇلىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە لايىق بىر رەھبەرلىكنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ ، ئاندىن ئاللاھنىڭ غەلىبە - نۇسرىتىدىن ئۈمۈت كۈتۈشىمىز لازىم .

## 5 - ھەر بىر «يېڭى ئىنقىلاپچى» «نۆلدىن باشلاش» ئىدىيىسىدىن قەتئى ساقلىنىش كېرەك.

ھەرقانداق مەقسەت ، ھەرقانداق سەۋەب بىلەن تۇغرا مەنھەجدە مېڭىۋاتقان «ئىلگىرىكىلەر» نىڭ نەتىجىلىرىنى قارا - قويۇق ئىنكار قىلىپ ، يېڭىدىن باشقا يول ئىزلەش ؛ ئىنقىلابىمىزنىڭ ئىمارىتىنى سابىقلار ئەھيا قىلغان تەييار ھۇلغا قۇرماستىن ، ھەممە ئىشلارنى نۆلدىن باشلاشقا ئۇرۇنۇش ـــ شەرقىي تۈركىستان ئىسلامىي ئىنقىلابىدىكى ئېغىر تارىخى ، سىياسىي خاتالىقتۇر.

ئىنقىلاب خۇددى كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئوخشايدۇ ، يەنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ غەلىبىگە قاراپ تەدرىجى ئىلگىرلەيدۇ. كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ، ئالدىنقى ماھىر تىرىشىپ مەشئەلنى مەلۇم باسقۇچقا يەتكۈزۈپ بەرسە ، كېيىنكىسى شۇ جايدىن داۋاملاشتۇرۇپ ئۇلاپ يۈگۈرەيدۇ ؛ ئەگەر ئاستا يۈگۈرگەن ئالدىنقى تەنھەركەتچىمۇ ئاللىبۇرۇن «نۆل» مۇساپىلىك باشلانمىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ ؛ ئەگەر ھەربىر يېڭى ماھىر ئىلگىرىكى تەنھەركەتچىنى ئۇلاپ يۈگۈرمەي ، شەخسى قەھرىمانلىق ياكى شەرەپكە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولۇش ئىدىيىسىدە ، يەنە «نۆل» مۇساپىدىن باشلايمەن دېسە ، تاكى مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ بولغۇچە باشقا رىقابەتچىلىرىنىڭ كەينىدىن يېتىشەلمەيدۇ.

بىزنىڭ ئىنقىلاب يولىمىزدا ئىلگىرىكىلەر ئەڭ تۆۋەن ھېسابلىغاندىمۇ «نۆل» مۇساپىلىك قاڭقىش سۈپىسىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن ؛ ھازىرقىدەك ئىنقىلاب غەلىبىسى بىزدىن ئەڭ قىسقا ۋاقىت تەلەپ قىلىۋاتقان جىددى پەيتتە ، يەڭگىللىك ۋە

ھېسسىياتچانلىق بىلەن ئومۇمىيلىقنى ، يىراقنى ، چوڭ مەنپەئەتنى ئويلىماستىن ؛ سابىقلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياخشى دەپ سېلىپ كۆرەلمەي ، «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش» كېسىلى بىلەن غەلىبىگە ئالدىراپ كېتىش ياكى شەخسى قەھرىمانلىق ۋە ئايرىم شەرەپ قوغلىشىش ، ھوقۇقپەرەسلىك ۋەياكى ئاغرىنىش ، گىنە-ئاداۋەت ، نەپسىگە ياقماسلىق قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ، ئىلگىرىكى ھەممىنى بىراقلا ئىنكار قىلىپ ، «نۆل» لۇك سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناش ؛ ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىمىزنى ھەمىشە مەلۇم بىر چەكلىك سەۋىيەدىن ئاشالمايدىغان ، تەرەققىياتتا بىر ئىزدا توختاپ قېلىش گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ .

بۇ خۇددى بىر مۇتەخەسسىس بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ مەلۇم بىر تېخنىكىنى ئىجاد قىلسا ، ئىككىنچى مۇتەخەسسىس ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ، قايتا بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ يەنە شۇ ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىپ ، كېيىن بىھۇدە سەرپ قىلغان ئۆمرى ئۈچۈن پۇشايمان يېگەندەكلا بىر ئىش.

ئىنقىلاپ يولىمىزدا ئالدىنقىلار كېيىنكىلەرنى تەربىيىلەپ ئامال بار تېز «قاتارغا قوشۇش» قا ئەھمىيەت بېرىشى ؛ ئۇلارنى « گۆدەك » لىك سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن چەتكە قاقماي ، تەدرىجى يېتىشتۈرۈپلىشى ؛ كەڭ قورساق بولۇپ «كىچىكلەر» نى باغرىغا بېسىشى ؛ كېيىنكىلەرمۇ ئالدىنقىلارنىڭ «سالماقلىقى» نى ئالدىراپ «ئىقتىدارسىزلىق» ھېسابلىماي ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگىچە سەبىر قىلىشى ، ئۆزىنىڭ «يېڭىچە پىكىر» ، «زامانىۋىي ئاڭ» غا ئىگىلىك ئىقتىدارىدىن ئارتۇقچە پەخىرلەنمەسلىكى ؛ ئۆزىدىكى كىبىر ، ئالدىراڭغۇلۇق ، تەنتەكلىك ، ھېسسىياتچانلىق ، يىراقنى كۆرەلمەسلىك ۋە تۇراقسىزلىقتەك «گۆدەك» لىكنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆگىنىشى كېرەك .

بىزنىڭچە ئىلگىرىكى تۇغرا مەنھەجگە ئىگە رەھبەرلىك ، ئەڭ بولمىغاندىمۇ نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ، شەھىدلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە ، ئىنقىلابنىڭ ئالدىن بولمىسا قەتئىي بولمايدىغان ؛ پۇل ۋە بايلىق سەرپ قىلىپ ئېرىشكىلى

بولمايدىغان ؛ پەقەت ۋاقىت ۋە مەيداندا سەبىر قىلىش بىلەنلا ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان ھۇل قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسىم مۇھىم خىزمەتلىرىنى تاماملىغان.

مەسىلەن:

(1) نەچچە يىللاردىن بىرى تىكلىگەن دۇنيادىكى ۋە شەرقىي  تۈركىستانلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى «داڭلىق ماركا» لىق ئوبرازى.

(2) خىتايغا قارشى شەرقىي  تۈركىستانلىق ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇپۇزى.

(3) خېلى يىللاردىن بۇيانقى خىتاي بىلەن بولغان  كۈرەشلەردە خۇلاسىلەپ چىققان ئىنتايىن قىممەتلىك سىياسىي ، ھەربىي تەجرىبە- ساۋاق بايلىقى .

(4) جىھاد مەيدانىدا يېتىشىپ چىققان بىر تۈركۈم شەرئىي ، سىياسىي ، ئەسكىرى ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقى ؛ ئۆزىگە يارىشا شەكىللەنگەن جىھادى كادىرلار قوشۇنى .

(5) دەسلەپكى قەدەمدىكى ئەسكىرى ، تېخنىكىۋى  نەزەرىيە -ئەمەلىيەت ئاساسى ۋە بۇ ئاساستا چىقىرىلغان يۇرۇشلۇك ئەسكىرى كىتابلىرى.

(6) كىتابلاردا تېپىلمايدىغان ، خاس پارتىزانلىق ئۇرۇش جەريانىدا تەجرىبىدىن ئۆتكەن جامائەت باشقۇرۇش ئەندىزىسى .

(7) گەرچە پەۋقۇلئاددە ، دۇنياغا تونۇلغان دىنى ئالىم ، سىياسىيون............ قاتارلىق داڭلىق چولپانلىرى بولمىسىمۇ ، كۆپ ئىسسىق- سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، ئۆزى ئاددى ئەمما سالماق ، سوغۇققان ، پىشقان ، يىراقنى كۆرەر كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان مەركىزى باشقۇرۇش ___ رەھبەرلىك قاتلىمى.

شۇڭلاشقا ، ئېنىق ۋە كەسكىن قىلىپ ئېيتىمىزكى ______ مەنھەجى توغرا ، ئەقىدىسى ساپ  بولغان ۋە ئاللىبۇرۇن ئىنقىلاپ يولىدا مۇئەييەن باسقۇچلارنى بېسىپ ؛

قـان-تەر بەدىلىـگە ، پـۇل بـىلەن يـاكى كىتـابى نەزەرىيەلەرنـى ئۆگـىنىش بـىلەن قەتـئى ئېرىشكىلى بولمايدىغان ؛ ناھايىتى قىممەتلىك ماددى ، مەنىۋى ۋە ئىلمي  تەجرىبىلەرنى ؛ بىر تۈركۈم جىھادى كادىرلار قوشۇننى توپلاپ ، غەلىبىگە ئۇلىشىدىغان تەييار يول ھاسىل قىلىپ بولغـان بىـر رەھبەرلىـك بـار تـۇرۇپ ؛ پەقەت «ھـازىرغىچە ھـېچ ئىـش قىلالمىـدى» دېگەن باھانە بىلەنلا ئىشلارنى يەنە قايتىدىن «نۆل» دىن باشلاشقا ئۇرۇنۇش ھەقىقەتەن زور شەرئى ، تارىخى ، سىياسي خاتالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

**6 - خىزمەتلەرنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە رەتكە تىزىپ ئورۇنلاش؛ ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنى ئەڭ زور كۈچ بىلەن، ئەڭ ئالدىدا ۋە پۈتۈن قۇۋۋەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەش كېرەك.**

بىز خىتايغا قارشى كۈرەشنىڭ بىر ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق ؛ خىتاينىڭ زۇلمىنى دۇنياغا تونۇتۇش ؛ ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ ، جىنـايىتىنى رەسـۋايى جاھـان قىلىـش ؛ دۈشـمەنىنىڭ ئىسـلامغا بولغـان نىقـاپلىق ئەپتـى-بەشىرىسـىنى ئېچـىپ تاشـلاپ ، خىتاينـىڭ شـەرقىي  تۈركىسـتان مۇسـۇلمانلىرىنى دۇنيـا خەلقىدىن ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىن يوشۇرۇن قىرغىن قىلىشتىكى جىنايى چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاش ......... ئۇچۇن ئەلۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان تەشۋىقات ، تەرغىبات ، ئاخبارات ئېلان قىلىش ، نۇتۇق سۆزلەش ، يىغىن ئېچىش ، نامايىش قىلىش قاتارلىق يۇمشاق ۋە قوشۇمچە  غەيرى ئۇرۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىدىن تولۇق  پايدىلىنىپ جىھادى ئىنقىلابىمىز ئۇچۇن  مۇئەييەن پايدىلىق خەلقئارالىق مۇھىت يارىتىشنى چەتكە قاقمايمىز ؛ لېكىن بۇ بەرىبىر ئالدىنقى مەزمۇنلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك  ، پەقەت نىسپى رول ئوينايدىغان  قوشۇمچە ۋاستە بولۇپ ، ئاساسلىق ۋاستە يەنىلا ئۇرۇش يەنى جىھاد  بولۇشى كېرەك.

بۇنى قوشۇمچە ۋاستە دەپ قارىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن پەقەت قوشۇمچە نەتىجىگىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ ؛ ھەل قىلغۇچ خارەكتىرلىك نەتىجىگە

ئېرىشكىلى بولمايدۇ ؛ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ھەل قىلغۇچى نەتىجىسى پەقەت جىھاد ___ ئۇرۇش ۋاستىسى بىلەن روياپقا چىقىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىلمەستىن ، غەرەز بىلەن ، ياكى تەشكىلاتپەرەسلىك ، تەرەپبازلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ؛ ئومۇمىي سادىدا مۇسۇلمانلارنى خاتا يېتەكلەش تىپىدىكى قوشۇمچە ۋاستىلەرنى ئاساسلىق خىزمەت ، بىرىنچى نومۇرلۇق ئىبادەت ، ئەڭ ئالى جىھاد دەپ كۆرسىتىش ؛ مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ ئەڭ زور ۋاقتىنى ، زېھنىنى ، ئىقتىسادىنى يەنى ماددى ، مەنىۋى ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىدىن ئىبارەت شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاساسلىق مەبلىغىنى قوشۇمچە ۋاستىلەرگە تۆكمە قىلىپ سېلىشنىڭ ئۆزى ___ ئەقىدىۋى ، سىياسىي ، مەنتىقىۋى خاتالىقتۇر .

شۇڭلاشقا خىزمەتلەرنى ئىنقىلابىمىزغا نىسبەتەن مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە ئورۇنداشىمىز ؛ ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنى ئەڭ ئالدىدا ، ئەڭ زور تىرىشچانلىقلار بىلەن ، ئەڭ زور مەبلەغ بىلەن ئىشلىشىمىز ؛ قوشۇمچىلىرىگە پەقەت ئۆز قىممىتىگە يارىشا ئورۇن بېرىشىمىز لازىم.

**7- جۇغراپىيىلىك ئىستراتېگىيىگە سەل قارىماسلىقىمىز؛ غايىمىزگە ئۈيغۇن بولغان تەييار ئەقىدىۋى، سىياسىي، ھەربىي ھەرىكەت بوشلۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك .**

**تۆتىنچىدىن، ئىنقىلابىمىزنىڭ رېئاللىق خارەكتىرىنى ياخشى چۈشىنىشىمىز ۋە ئەھۋالىمىزغا، رېئاللىقىمىزغا ئۈيغۇن بولغان ئاقىلانە جىھادى شەرئى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستانلىق ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئىچىدە ۋە خەلقئارادا پايدىلىق، ئاكتىپ ئىنقىلاب ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.**

بىز خىتاي بىلەن بولغان ئىنقىلابىمىزنىڭ ھەم قىيىن ۋە مۈشكۈل ؛ ھەم زىل ۋە نازۇك سىياسىي خارەكتېرگە ئىگە ئىكەنلىگىنى چۈشۈنۈپ ئۆتتۇق ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىز خىتايغا قارشى ئىنقىلابىمىزدا يۈزلىنىدىغان رېئاللىقىمىزنىڭ مۈرەككەپلىكى ، قىيىنلىقى ، نازۇكلۇقى ، زىللىقى ۋە سەزگۈرلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن .

دەرۋەقە ، ئىنقىلابىمىزدا غايىمىزگە يېتىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى قىلىپ تاللىغان جىھادىمىزمۇ ئەشۇ مۈرەككەپ رېئاللىقىمىزنى چىقىش قىلغان ئاساستا ، ئۆزىگە يارىشا بىر سىياسىي مايىللىقى ، سىياسىي خاسلىقى ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن يەنىلا ئىنقىلابىمىز يۈزلەنمەكچى بولغان رېئاللىقنى تەپسىلى ئۆگىنىپ چىقىپ ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە ئۇيغۇن بولغان جىھادى شەرئى سىياسەت پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىشتىكى كاللىمىزدا تۇرىۋاتقان ئىدىيۋى مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

ئىنقىلابىمىزنىڭ رېئاللىقىنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ :

1) **دۈشمەن يەنى خىتاينىڭ رېئاللىقى (ۋاقىئەسى) : دۆلەت خارەكتېرى ۋە ماھىيىتى؛ سىياسىي، ئىقتىسادى، ھەربىي كۈچ قۇۋۋىتى؛ خىتاينىڭ تەبىئىتى؛ ئۆز تارىخى ۋە بىز بىلەن بولغان تارىخى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خۇلاسىسى ......... قاتارلىقلار ياخشى ئىگەللىنىشى، ئىنچىكە رازۋېتكا قىلىنىشى، سالماق دەڭ سېلىنىشى ۋە تولۇق نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك.**

2) **ئۆزىمىزنىڭ، يەنى خىتايغا قارشى جىھاد (ئىنقىلاب) قىلىدىغان كۈچ تەشكىلىنىڭ رېئاللىقى (ۋاقىئەسى) : نۆۋەتتىكى ماددى ۋە مەنىۋى كۈچ قۇۋۋىتىمىز ـــــ ئەسكىرى سەۋىيىمىز، ئادەم كۈچى بايلىقىمىز؛ ئەقىدىمىز ۋە مىجەز خارەكتېرىمىز، تەبىئىتىمىز؛ دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەشتە خۇلاسىلەپ چىققان تارىخى، ئىنقىلابى تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز قاتارلىق ئومۇمىي ئىقتىدارىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنى ياخشى چۈشۈنۈپ، ئوبدان دەڭ سېلىشىمىز ۋە تولۇق نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك .**

**3) ۋەتىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ رىئاللىقى (ۋاقىئەسى) : ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، خەلقىمىزنىڭ ئېتقادى، تەبىئىتى، مىجەز- خارەكتىرى، ئۆرۈپ-ئادىتى، پەننى ۋە دىنى مائارىپ سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي ھالىتى، نوپۇسى، خىتاي بىلەن بولغان تارىخى تەجرىبە - ساۋاقلىرى قاتارلىقلار ياخشى ئىگەللىنىشى ۋە تولۇق نەزەرگە ئېلىنىش لازىم.**

**4) يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ رىئاللىقى (ۋاقىئەسى) : نۆۋەتتىكى دۇنيا سىياسىي ئەندىزىسى ۋە ئۇنى زاھىرەن كونترول قىلىپ تۇرىۋاتقان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ماھىيىتى؛ دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر؛ ئۇنىڭدىكى بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا بولغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئامىللار؛ كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىزنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلامى ئىنقىلاب تارىخىمىزغا بولغان تەسىرىنىڭ ئاچچىق تەجربە-ساۋاقلىرى ........... قاتارلىقلار تولۇق ئىگەللىنىشى، تولۇق نەزەرگە ئېلىنىشى زۆرۈر.**

مانا بۇ شەرقي  تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتايغا قارشى ئىسلامى ئىنقىلاب يولىدا قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئەمىلى رىئاللىقىدۇر. ئىنقىلابىمىزنىڭ سىياسىي خارەكتىرى توغرىسىدا توختالغاندا دۈشمىنىمىزنىڭ رىئاللىقى ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ رېئاللىقى ۋە  يېقىنقى زامان ئىسلامى ئىنقىلابىمىزنىڭ تارىخى رېئاللىقى ھەققىدىكى بىر قىسىم مەلۇماتلارغا ئىگە  بولدۇق ، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئاساسى رېئاللىقى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ . «ئۆزەڭنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ ياخشى بىلسەڭ ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېگەن گەپ بار ، ئەگەر رېئاللىقىمىزغا قايىل بولساق ۋە ئۇنىڭغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ، ھېكمەت ۋە پەم-پاراسەت بىلەن يۈزلەنسەك ؛ ئىنقىلابىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ، ھېكمەتلىك ، ئاقىلانە ، ئوڭچىل ۋەسولچىل خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، ئىنقىلاب يۆنىلىشى ۋە مايىللىقىنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلالايدىغان ؛

ئىچكى - تاشقى پايدىسىز ئامىللارنى پايدىلىق ئامىللارغا ئايلاندۇرالايدىغان بىر جانلىق جىهادى شەرئى سىياسەت پىروگراممىسىغا ئىگە بولالايمىز .

چۈنكى ، پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئۆگەتكەن بۇ دىن قانداقتۇر غايىۋى ، خىيالى دىن بولماستىن ، بەلكى رېئال ، ئەمەلى ، كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋەزىيەتكە ، كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغان ، نەزەرگە ئالىدىغان دىندۇر.

پەيغەمبىرىمىز ، مۇشرىكلار ئۆز ئېتىقادلىرى بىلەن شېرىكلىشىشكە چاقىرغاندا ، ئۇلارغا قارشى: — «...ئۇلار ئۇلار ئۇلار ئوك قولۇمغا قۇياشنى ، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزغان تەقدىردىمۇ بۇ يولۇمدىن ھەرگىز يانمايمەن....» دەپ ئېلان قىلىپ ، تەۋھىد مەسىلىسىدە ؛ ئىسلامنىڭ ئەقىدە بارىسىدىكى تۈپ پىرىنسىپلىرىدا قەتئى ، تەۋەنمەس ، مۇرەسسەسىز مەيداننى ئىپادىلەپ ، بىزگە بۇ جەھەتتە مەڭگۈلۈك ئۈلگە كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ؛ ئاشۇ پەيغەمبىرىمىز يەنە تائىفقا چىقىپ دەۋەت ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچراپ مەدىنىگە قايتىپ كىرىشتە بىر مۇشرىك بىلەن ھىمايىلىنىش ؛ ئەھزاب ئۇرۇشىدا ئىسلامنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان مەدىنىلىك يەھۇدىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ؛ ھۇدەيبىيە سۈلهىسىدىكى مۇشرىكلارنىڭ بەزى شەرتلىرىگە ، ھەتتا سۈلهنامىدىكى « الله نىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد» دېگەن ئىمزانى « ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد » دەپ ئۆزگەرتىش تەلىپىگىمۇ ماقۇل بولۇش..... قاتارلىق ئۇرۇشنىڭ سىياسەت ، تاكتىكا ، ھىيلە — تەدبىر ...... لەرگە ياتىدىغان تەرەپلىرىدە ئوخشاشلا يەنە بىر مەڭگۈلۈك ئۈلگە ____ بىر قەدەر كەڭ يول كۆرسىتىپ قويۇپ كەتكەن.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىيرەتلىرىدىكى جىهادى شەرئى سىياسەت روھىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرەلىگەن ۋە ئۇنى ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزدىكى جىهادىمىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە چىگىتىۋەتمەستىن ياكى بوشىتىۋەتمەستىن ئەينى بويىچە جانلىق تەدبىقلىيالىغان ۋاقتىمىزدا ئاندىن بىز ھېسىياتقا باي ، تەنتەك ، يۇقۇرى گىرادۇسلۇق سۆزلەر بىلەن ھەمىشە ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان ، تۆت مەھەللىنى ئېلىپلا خىلافەت ئېلان قىلىدىغان ، غايىۋى ، گۆدەك مۇجاھىدتىن ؛ ئەمەلىيەتچان ، رېئال ، كۆز ئالدىدىكى نەق مەيداننى چەتكە قاقمايدىغان ، ھېسسىياتقا بېرىلمەيدىغان ، پەم —

پاراسىتىنى ، ھېكمەتىنى بىلىدىغان پىشقان مۇجاھىدلارغا ـــــ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىغا ئايلىنالايمىز .

شۇڭلاشقا ئىنقىلابىمىزدا باشتىن – ئاخىر تۆۋەندىكىلەرنى جىھادى شەرئىي سىياسەتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى پىرىنسىپى قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمىز :

## 1 - سالماق ۋە ئوتتۇراھال سۈپەتكە ئىگە بولۇش .

بۇ بىزنىڭ «دۆلەت تەشكىلاتى» دىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىمىز بولۇپ ، جىھادىمىز جەريانىدا يولۇققان ئىچكى- تاشقى مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا ، ئەمەلى رېئاللىقىمىزدىكى تۆۋەن سەۋىيەدىن بىخەۋەر ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويىۋېلىپ ، كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشتىن ساقلىنىش ؛ ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان داغدام يوللارنىڭ « قاتتىق» لىقىمىز تۈپەيلىدىن تاقىلىپ قېلىپ ، ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ «بۇرۇن ئوتتۇزغا ئۇنىماي ، ئەمدى توققۇزغا ئۇنايدىغان» قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، شەرئەتنىڭ ئوتتۇراھاللىق روھىنى جىھادىمىزغا ئۇنۇملۇك تەدبىقلاشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك .

ئۇممەتنىڭ زور مەسىلىلىرىدە يىراقنى كۆرەر ۋە سوغۇققانلىق بىلەن سالماق سۈپەتنى نامايەن قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى زۆرۈر .

ئىنقىلاب بىر- ئىككى كۈنلۈك ئىش بولماستىن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ، جاپا- مۇشەققەتلىك ، ئەگرى- توقاي ، مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپ سىياسىي خارەكتىرگە ئىگە بىر كۆرەش يولىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ يولغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ، مانا بۇ يولنىڭ تەبىئىتىگە لايىق بولمىغان ھىسسىياتچانلىق ، ئالدىراڭغۇلۇق ، جىددىيلىك ، تەنتەكلىك ، ئۇرۇشقاقلىق ، سەبىرسىزلىك ، ھېكمەتسىزلىك ، قوپاللىق ، ئىشەنچسىزلىك ، تۇراقسىزلىق قاتارلىق يامان سۈپەتلەرگە قارشى ئۆزىدە تەمكىنلىك ، سوغۇققانلىق ، سالماقلىق ، ئوتتۇراھاللىق ، يىراقنى كۆرەرلىك ، كەڭ قورساقلىق ،

كەمتەرلىك ، مېھرىبانلىق ، سەبىرچانلىق ، كەچۈرۈمچانلىق ، ھېكمەت ۋە پاراسەت قاتارلىق ئالىي ئىسلامى ئەخلاق ۋە ئالىي سۈپەتلەرنى ھازىرلاپ ، بۈنى جىھادىمىزنىڭ شەرئى سىياسەت يۈرگۈزۈش روھىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك .

مانا بۇ سۈپەتلەر ھاكىمىيەتنى تۇغدىغان سۈپەتلەردۇر ، مانا بۇ سۈپەتلەر ئادىل ھۆكۈمرانلاردا ، داھىيلاردا ، پېشۋالاردا ، رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەردۇر .

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىدا ، كىمدە توغرا ئىسلامى مەنھەج بىلەن مانا مۇشۇ سۈپەتلەر تېپىلىدىكەن ، ئەنە شۇ كىشى ___ تەبىئى ھالدا ھەممە ئورتاق ئېتراپ قىلىدىغان ئىنقىلابنىڭ رەھبىرىگە ، بۇ ئۇممەتنىڭ داھىيسىغا ئايلىنىدۇ .

قايسى تەشكىلات ياكى قايسى پارتىيە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى توغرا مەنھەج بىلەن شەرئى سىياسەتتە مانا مۇشۇ سۈپەت رەۋىشىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلالىسا ۋە ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرەلىسە ، ئەنە شۇلار ئاپتوماتىك ھالدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىدىكى رەھبىرى پارتىيەلىك سالاھىيەتكە ۋە ھاكىمىيەت تەشكىللەش شەرىپىگە ئىگە بولىدۇ ؛ چۈنكى رەھبىرى سالاھىيەت بۆگۈنكىدەك ، ئۆز-ئارا «تىل ئۈرۈشى» قىلىپلا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس.

**2 - «خەلق قۇچىغى» نى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئۇممەت بىلەن مۇجاھىدنى، خەلق بىلەن ئارمىيەنى، جىھادى مەيدان بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، چەمبەرچەس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش .**

ئىنقىلاب خەلقنىڭ قوللىشىدىن ، جىھادىمىز خەلق قۇچىغىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ. جىھاد خۇددى دەرەخ بولسا ، خەلق مۇنبەت تۇپراقتۇر. كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قوللىشىسىز جىھاد دەرىخى باراقسان كۆكلەپ ، بۇلۇق مېۋە بېرەلمەيدۇ ؛ ئىنقىلابنىڭ ، جىھادنىڭ ئەسلى مەقسىدىمۇ ئومۇمي مۇسۇلمانلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ؛ شەرىئەتنى پەقەت مۇجاھىدلارنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس بەلكى ئەنە شۇ كەڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئومۇمي ھالەتتە تەدبىقلاشتۇر .

شۇڭلاشقا مۇجاھىدلار ، جۈملىدىن جىھاد يېتەكچىلىرى ، جىھادى شەرئى مەسئۇل ئۇستازلار جىھادنى تار دائىرىدە چۈشىنىشىپلا ، جىھادى شەرئىي سىياسەتنىكى قاتمال خاھىش توپەيلىدىن ، جىھادىي ھەركەتلەرنى مۇئەييەن جايلاردىكى ساناقلىق مۇجاھىدلارنىڭ ھەركەت دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويماسلىقى ؛ چوڭ ئالدىنقى سەپ ___ چوڭ ئارقا سەپ ؛ جىھادى مەيدان ___ خەلق قۇچىغى لىنىيىسى بويىچە كەڭ كۆلەملىك ، كەڭ دائىرىلىك ، دۈشمەنگە قارشى بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىپ ، خەلقى ، مۇجاھىدى (جەڭچىسى) ، دىنى ئۆلىمالىرى ، ئەھلى - ئىلىم ئۇستازلىرى ، زىيالىيلىرى ، سىياسىيئونلىرى ، كەسپى ئالىملىرى ، بايلىرى ....... بولغان ، يەنى خىتايغا قارشى ئومۇمىي مىللەتنىڭ مەۋجۇت بارچە يوشۇرۇن كۈچلىرى تولۇق قوزغالغان ، ئاكتىپ ئىنقىلاب ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان شەرئىي سىياسەت ئىدىيىسىنى ھاسىل قىلىش كېرەك.

خەلق قۇچىغىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئىنقىلاپ رەھبەرلىرى ___ جىھادى ئالدىنقى سەپلەردىكى شەرئى يېتەكچىلەر ، ھەرقايسى مەسئۇللار ، قوماندانلار سوغۇققان ، كەڭ قورساق ، يىراقنى كۆرەر ۋە تەمكىن بولۇپ ، ئومۇمىي خەلقنى ئامال بار جىھادتىن ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ؛ سوغۇتۇۋەتمەسلىك ؛ مۇجاھىدلاردىن قورقۇتۇۋەتمەسلىك ؛ ھەرقانداق ئۇسۇلدىكى جىھادنى سەت كۆرسىتىشكە سەۋەب بولىدىغان سۆز - ھەرىكەتتىن قەتئىي ساقلىنىش ؛ قارشى مەيداندىكىلەرگە رەددىيە بېرىشتە جىددى بولماسلىق ؛ ئادەملەرنى كاپىرغا ، مۇرتەدكە چىقىرىشقا ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەسلىك ؛ جىھادى مەيداندا بولمىغان ئاۋام خەلقنىڭ بىلمەسلىكىنى چۈشىنىشكە ، ئامال بار كەچۈرۈشكە ، باغرىغا بېسىشقا مايىل بولۇش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن ئالدىراپ دەققىق ھۆكۈم چىقىرىشتىن پەقەت ئام ھەقنى ئۇتتۇرىغا تاشلاپ قويۇش پوزىتسىيەسىدە بولۇش ؛ مۇسۇلمانلار ئاممىسى جىھادنىڭ غايە مەقسەتلىرىنى خاتا چۈشەنگەن ، ھەتتا مۇجاھىدلارغا بەتنام قىلغان ، يامان گۇماندا بولغان تەقدىردىمۇ ، ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىپ ئىمكانقەدەر ئەدەپ ۋە ھېكمەت بىلەن چۈشەندۈرۈش تەرەپدارى بولۇش ؛ ھەرگىز ئومۇمىي خەلق بىلەن «تەڭ» بولماسلىق ؛ ئەڭ ياخشىسى

ئۆزىنىڭ «هەق» لىقىنى هاقارەت ۋە هۇجۇم خارەكتىرلىك سۆزلەر بىلەن ئىسپاتلىغاندىن كۆرە ، ئېسىل ئىسلامى ئەخلاقى ، هېكمەتلىك ئۇسۇلى ، ئەقىل- پاراسىتى ۋە دۈشمەنگە قارشى ئەمەلى جەڭ غەلىبىسى ئارقىلىق تىكلەنگەن يۇقۇرى ئوبرازى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا تىرىشىش قاتارلىق دانا شەرئى سىياسەت خاھىشىنى تۇرغۇزۇشى لازىم.

**3 - ئومۇمىي ئۈممەتچىلىك كۆز قارىشى بىلەن تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش، ۋەتەن جىهادىنى ئەهيا قىلىش ئوتتۇرۇسىدىكى ئىدىيە ۋە هەرىكەتتىكى زىددىيەتتىن قۇتۇلۇش؛ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش.**

ئەمەلىيەتتە ، ئىسلامى شەرئىيەتنىڭ ئۆزىدە ، ئومۇمىي ئۈممەتچىلىك بىلەن ۋەتەن جىهادىنى ئەهيا قىلىش ئوتتۇرىسىدا هېچقانداق توقۇنۇش مەۋجۇت ئەمەس ؛ بۇ پەقەت ئۆزىمىزنىڭ چۈشەنچە ۋە هەركىتىمىزنىڭ «ئوتتۇراهال» لىقتىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىدۇر .

شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دۇنياۋى ئومۇمىي مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى ۋە ئايرىلماس تەركىبى قىسمى ؛ شەرئى ۋە مەنتىقىۋى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەزلۇم مۇسۇلمانلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئالدى بىلەن بىزگە ــــ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاجىپ. بۇ يەردە ۋەتەن مۇسۇلمانلىرىنى ئۇنتۇش خارەكتىرلىك بىتەرەپلىمە ئۈممەتچىلىك كۆز قارىشى بىلەن نوقۇل هالدىكى تار مىللەتچىلىك ، ۋەتەنپەرەسلىكنىڭ هەر ئىككىلىسى خاتادۇر ؛ يەنى بۇ يەردە ناۋادا شەرئى سىياسەتتە مۇۋازىنەت بۇزۇلسا ، بۇ خاتالىق بىزنىڭ جىهادىمىزنىڭ دۇنيالىق نەتىجىسىگىلا سەلبى تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن بەلكى بىزنى ئاخىرەتتە اللە نىڭ ئالدىدىمۇ ئېغىر جاۋاپكار قىلىدۇ .

قېرىنداشلارنىڭ سەمىگە ئوچۇقراق قىلىپ سېلىش كېرەك بولغان بىر مەسىلە شۇكى ، باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەردە مەسىلە ئىسلامى ، شەرئى هاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى بولغان بولسا ، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا مەسىلە تەۋهىدىنىڭ ، ئىسلامنىڭ ، بىر پۈتۈن ئىسلام مىللىتىنىڭ يوق بولۇپ كېتىش ، ئىسلام دەرىخىنىڭ يىلتىزىدىن

قۇمـۇرۇپ تاشـلىنىش مەسىلىسـى ؛ ئىككىنچـى ئەنـدەلۇس مەسىلىسـى بولىۋاتـىدۇ ؛ مەسىلىنىڭ نەقەدەر جىددى ، خەۋپكە تولغان ، تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش كېرەك !!!!!!!! .

دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ، دىنسىز خىتايغا قارشى تۇرۇشنى ئاللاھ ئىمتىھان بىلەن ئۇستىمىزگە ۋاجىپ قىلغان ئىكەن ، بۇ بىزنىڭ ___ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ الله تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىۋاستە مەسئۇلىيىتىمىزدۇر .

**4 - شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈشنى، بولۇپمۇ دىنى ئالىم ، زىيالى ۋە ئىلغار بايلاردىن ئىبارەت مىللەتنىڭ ئۇمۇرتقىلىرىنى بىر يەرگە توپلاشـنى؛ ئىنقىلابىمىزغـا ۋە جىھادىمىزغـا ئـىگە بولۇشـقا چاقىرىشـنى جىھادىمىزنىـڭ شـەرئى سياسـەت يۆنىلىشـىدىكى نۇقتىلىـق خىـزمەت تـۈرى قىلىـپ ئىشلەش .**

**5 - نۆۋەتتىكى مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپ ئىنقىلاب رېئاللىقىمىزغا ئاساسەن نىشاننى، دۈشـمەننى يىغىنچـاقلاش؛ بىـرلا ۋاقىتتـا كـۆپ دۈشـمەننى يۇدۇۋېلىشـتەك تـاكتىكىلىق خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ دۈشمىنىمىزنىڭ دۇنياۋىي رىقابەتتىكى ئاجىزلىقىدىن، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى خىتايغا پايدىسىز سياسىي مۇھىت ۋە سياسىي يوچـۇقلاردىن تولـۇق پايـدىلىنىش؛ قىزىـل چىراقلارنـى ئازايتىـپ، يېشـىل چىراقلارنـى كۆپەيتىش؛ مەۋجۇت يېشىل چىراقلارنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش .**

**6 - ئاساسـلىق دىقـقەت - ئېتىبـارنى ئۆز ئىچىمىزدىكى زىـددىيەتكە، بىـر - بىرىمـىزگە قارىتىشـتىن؛ پۈتـۈن ھۆجـۇمنى، پۈتـۈن دىققىتىمىزنـى دۈشـمىنىمىزگە مەركەزلـىك قارىتىشـقا بـۇراش؛ ئوتتۇرىـدىكى مەسـىلىلەرنىڭ تـالاش- تارتىشـنى كېيـىنگە قويـۇپ، ھازىر ئامال بار ئىچكى زىددىيەتتىن ساقلىنىش؛ ھەمكارلىششقا بولىدىغان ئىچكى كـۈچلەر بىـلەن تولـۇق ھەمكارلىشـىپ، تاشـقى دۈشـمەننى ئالـدى بىـلەن قـوغلاپ**

چىقىرىش؛ خىتايغا قارشى تۈرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ھەرقايسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى خىتاي بىلەن بولغان ئاساسلىق كۈرەشنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالماسلىق .

7 - گەپنى ئاز قىلىپ، كۆپ ئىش قىلىش؛ ئېغىزدا شەھەر ئالغاندىن كۆرە، ئەمەلىي ھەرىكەتنى كۆپ قىلىش؛ «سۆزنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش» نى ئۆگۈنۈش .

8 - ئىنقىلاب، يولىمىزدىكى ئوخشاش بولمىغان سىمالارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان شەرئى سىياسەت يۈرگۈزۈش؛ «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» تەك «دائىشچە» تاكتىكىلىق خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش؛ شەرئى سىياسەتتىكى «ئەبۇ جەھىل ، ئەبۇلەھەب» لەر بىلەن «ئەبۇ تالىپ» لارغا پەرقلىق شەرئى سىياسەت قوللۇنۇش.

9 - تەشۋىقاتتا داۋاملىق ھېسياتقا باي، يۇقۇرى ھارارەتلىك، جىھادقا قىزىقتۇرۇش تىپىدىكى دەۋەتلەرنى ئاساس قىلىشتىن تەدرىجى ئىسلامى جىھادى مەنھەجنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئىسلامى ئەخلاق كۆز-قارىشىنىڭ پۇتۇنلىنىشىگە پىكرى ھۇل بولىدىغان قىسىملىق، سوغۇققان دەۋەتلەرنى ئاساس قىلىشقا يۈزلىنىش ئارقىلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سەپىرى ئۇچۇن مۇجاھىدلاردا سۇنماس، مەڭگۈلۈك مەنىۋى(ئەقىدىۋى) ئېنىرگىيە ھاسىل قىلىش؛ دەۋەت-تەشۋىقاتلاردىكى «سولچىل» ئىدىيىۋى ھاياجان تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ خاتا ئىلھاملىنىپ «دائىش» تىپىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ يەنە يېتىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش .

10 - مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جىھادى جامائەتلەرنىڭ شەرئى سىياسەت تەجرىبىلىرىنى مەخسۇس تۈر قىلىپ ئۆگۈنۈش .

**11 - جامائەتتە بىرلىككە كەلگەن بىر مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ، ئېلان قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى ئۆزىمىزنىڭ شەرئىي سىياسەت پروگراممىسى ئىچىدە كونترول قىلىش .**

# ئومۇمىي مۇراجىئەت

بىز تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى مۇجاھىدلىرى بۈگۈنكىدەك تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى مىللەت بويىچە يوق بولۇش گىرداۋىغا ئىتتىرىلگەن خەتەرلىك پەيتتە ، ھەرقايسى جىھادى ئالدىنقى سەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ غەلىبە تارىخىنى يېزىۋاتقان مۇجاھىدلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىزكى:

1 - تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى قۇرۇلغان ئاشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئىشغالىيەتچى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ ئىسلامى ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسى نىشان قىلغان ۋە بۇ شوئارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ؛ غايىگە يېتىش ئۈچۈن قوراللىق جىھاد يولىنى تاللىغان ھەم بۇ يولدا توختىماي كۈرەش قىلىۋاتقان بىر قوراللىق جىھادى جامائەت. بىز ھېچقاچان بۇ ئاساسلىق غايىمىزدىن ۋاز كەچمىدۇق ؛ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامى ئازاتلىقىنى ، مەزلۇم تۈركىستان خەلقىنى زالىم خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ جاراھەتلىك قەلبىگە شىپا بولۇشىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىمىزدىن چىقارغىنىمىز يوق. ۋەتەندىكى مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەرنى ، بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى زۇلۇملار ئاستىدا ئىڭرىغان ئاھ - زارلىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرىمىز

ئۆرتەنـدى ، يېگىنىمـز تـكەن ، ئىچكىنىمـز زەھەر بولـدى ، كـۆزلىرىمىزدە ئەمەس ، يۈرەكلىرىمىزدە يىغلىماقتىمىز .

ئۇ يەردە ، بىزنى مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيلىگەن ، مىڭ - بىر جاپادا قاتارغا قوشقان مېھرىبـان مۇسـۇلمان ئاتـا-ئانىلىرىمـز ، قەۋم - قېرىنداشـلىرىمىز قالغـان ؛ ئۇ يەردە ، ئېپپىتىمىز ، نومۇسىمىز بولغان مۇسلىمە ھەمشىرىلىرىمىز ، ئاچا-سىڭىللىرىمىز قالغان ؛ ئۇ يەردە ، بىزنى تەۋھىدكە يېتەكلىگەن ، ھەق يولنى بىلدۈرگەن ئۇستازلىرىمىز ، ئەھلى- ئىلىم ئۆلىمالىرىمىز قالغان ؛ بىز ئۇ يەرنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ، نېنىنى يەپ چوڭ بولغان ؛ ھەقنى شۇ يەردە تونىغان ؛ ئۇ يەردە بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ؛ بىز ئەزىز ۋەتەنەننى ، ئۇ يەردىكـى مۇسـۇلمان خەلقىمىزنـى قانـداقمۇ ئۇنتـۇپ قـالايلى !!؟؟ بىـز مۇسـۇلمان خەلقىمىزنـىڭ سـۈيىدە ئاقمىـز ، ئوتـىدا كـۆيىمىز ؛ ئەلـۋەتتە خەلقىمىزنـىڭ بىزنـىڭ ئۈستىمىزدە ھەققى بار ، بىز بۇ مەسئۇلىيەتتىن ھەرگىز قاچمايمىز ؛ تۈركىستان خەلقى دۇنياۋي ئىسلامىي ئۇممەتنىڭ بىر پارچىسى ؛ دەرۋەقە ئۇلارنى ئازات قىلغانلىق ئىسلامى ئۇممەتنى ئازات قىلىشنىڭ تەركىۋى قىسمى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ .

بىز شـەرقىي تۈركىسـتاننى خىتـاي زۇلمىـدىن ئازات قىلىشـنى شـەرئىي قائىـدە بويىچە ، ئالـدى بىـلەن بىزنـىڭ مەجبۇرىيىتىمىز دەپ قارايمىز ؛ بىـز شـەرقىي تۈركىسـتاننىڭ تەييـار ئارمىيسى ، تەييار ئەسكەرلىرىمىز ؛ خەلقىمىزنىڭ بىزنى توغرا چۈشۈنشىنى ؛ شـەنىمىزگە مۇناسىپ بولمىغان سۆز ۋە گۇماندا بولماسلىقنى ؛ بىزگە باھا بېرىشتە ماھىيەت بىلەن شـەكىلنى ، ئومۇميلـق بىـلەن قىسـمەنلىكنى ، ئايـرىم شەخسـلەر بىـلەن بىـر پۈتـۈن مۇجاھىدلارنى ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىكنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

2 - دەرھەقىـقەت جىھادنىـڭ ئۆزىــگە يارىشـا ئېغىرچىلىقلىـرى بولـىدۇ. نۇرغـۇن تىرىشـچانلىقلارنى كۆرسـەتكەن بولسـاقمۇ ، تېخـى ھـازىرغىچە خىتايغـا قارشـى پـارتىزانلىق ئۇرۇشـى باشـلىيالمىغانلىقىمىز راسـت. ئەممـا بـۇ بىزنـىڭ بـۇ ھەقـتە ھـېچ بىـر خـىزمەت قىلمىغانلىقىمىزغا ، ھېچ بىر نەتىجىنىڭ رويابقا چىقمىغانلىقىغا دالالەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇرۇش كىچىك باللارنىـڭ «چالمـا جېڭـى» ئەمەس ؛ بۇنىڭغـا مانـا مۇشـۇنداق ئۇزاققـا

سوزۇلغان تەييارلىق كېتىدۇ ؛ ئۇرۇشنىڭ ئۆز قائىدە - قانۇنىيتى بولىدۇ ؛ تەييارلىقسىز جىهاد___ ئۇرۇش بولمايدۇ ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلاب دېگەننىڭ ئەسلى تەبىئىتمۇ ھەم ئەنە شۇنداق ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ جىهادىمىزنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە ئۈمىدۋار بولۇشىنى ، تەييارلىقلارنىڭ توختىماستىن جۇغلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشىنى ، «نەچچە يىللاردىن بىرى نىمىشقا قىلالمايسىلەر» دېگەندىن كۆرە «ئۇلار يالغۇز قىلىپ بولالمىغان بولسا بىرگە قىلايلى» دېيىشىڭلارنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

3 - بىز پۈتۈن خەلقىمىزنى ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى خىتايغا قارشى جىهاد مەيدانىغا كېلىشكە چاقىرىق قىلىش بىلەن بىرگە ، تۆرلۈك سەۋەبلەر بىلەن جىهادقا كېلەلمىگەن ، جىهاد مەيدانىنىڭ سىرتىدا باشقىچە ئۇسۇللار بىلەن شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ھالەتتىكى خىتايغا ، زۇلۇمغا قارشى تۈرغانلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئۆز قىممىتىگە يارىشا مۆئەييەنلەشتۈرىمىز ؛ بىز ھەرگىزمۇ ياخشى ئىشلارنى بىراقلا ئىنكار قىلغۇچىلاردىن ئەمەسىمىز . ھالبۇكى بىز مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ خىتاي زۇلمىنىڭ قارشىسىدىكى ئومۇمىي ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەشەببۇسچىلىرىمىز. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ ئايرىم شەخسلەرگە قاراپ ، بىر پۈتۈن مۇجاھىدلارغا باھا بەرمەسلىكنى ؛ ئەڭ مۇھىمى مۇجاھىدلاردىكى بارلىقىنى ___ مېلىنى ، جېنىنى ، ئىسسىق قېنىنى دىنى ئۈچۈن ، زۇلۇمدا ئىڭراۋاتقان مۇسۇلمان خەلقىمىز ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان قىممەتلىك روھنى قەدىرلىشىنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

4 - بىز بارلىق ھەق ئۈستىدىكى ئالىم - ئۆلىمالارنى ، دىنى ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلىمىز ؛ ئەمما جىهاد مەيدانىنىڭ سىرتىدىكى دىنى ئۇستازلارنىڭ ، ئەھلى— ئىلملەرنىڭ خەلقىنىڭ خىتاي زۇلمىغا قارشى ئاممىۋىي ھەركەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغاندا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشىنى ؛ دەۋەت ۋە نۇتۇقلىرىدا ھسسياتقا ، جىددىي ، داغدۇغۇلۇق كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ھەقلىرىنى زايە

قىلىۋەتمەسلىكنى ؛ بىچارە ساددا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى دۇنيادا زۇلۇم تارتقاننىڭ ئۈستىگە ئاخىرەتتە ھەم گۇناھكار قىلماسلىقنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

5 - بىز شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالەتتىكى تور ، تېلېۋىزور ، رادىئو ، گېزىت — ژۇرنال ، ئاخبارات ، نەشرىيات قاتارلىق ئاممىۋى تاراتقۇلار ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالەتتىكى نامايىش ، نۇتۇق ۋە يىغىلىش قاتارلىق ۋاستىلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، دۈشمەننىڭ زۇلمىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشقا ؛ خىتاينىڭ ئىسلامغا ، جۈملىدىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى رەسۋايى جاھان قىلىپ ، دۇنيا خەلقىنىڭ ، جۈملىدىن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەپرىتىنى قوزغۇتۇپ ، خىتايغا قارشى چوڭ ياخشى كەيپىيات پەيدا قىلىشقا ۋە دۇنياۋى جامائەت پىكرى توپلاپ ، ئىنقىلابىمىز ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارالىق مۇھىت يارىتىشقا قارشى تۇرمايمىز ؛ ئەمما خەلقىمىزنىڭ ئېلان قىلىنغان شوئارلارنىڭ ، سۆزلەنگەن نۇتۇقلارنىڭ ۋە تاراتقۇلاردىكى خىتايغا قارشى تۇرۇش باھانىسىدا ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئۆز ئەقىدىسىگە خىلاپ بولماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى ؛ ھەرىكەت جەريانىدا پەقەت «خىتاينى پاش قىلىش» نى ئاساسىي مەقسەت قىلىشىنى ؛ ئۈمۈتنى قانداقتۇر چوڭ دۆلەت ، تەشكىلات ، رەئىس — جۇمھۇر قاتارلىق كاتتا كۈچلەرگە قەلبەن باغلاپ سېلىشتەك شېرىكتىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىشىنى ؛ ياردەمنى پەقەت ئاللاھتىنلا كۈتۈشىنى ؛ قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىشىنىڭ ئۆزىنىلا بىلمەستىن ، ئەڭ كاتتا ئىبادەت دەپ ئويلىۋالماسلىقنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

6 - تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىي بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ؛ تور ، تېلېۋىزور ، رادىئو ، مەجلىس ، يىغىلىش ، ئاخبارات ، نەشرىيات قاتارلىق ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىكى بىر- بىرىمىزگە بولغان تىل ھۇجۇمنى توختۇتۇپ ، ئاساسلىق نىشاننى خىتايغا قارىتىشنى ؛ تور دۇنياسىدىكى پىتنى - پاساتلارنى تۈگىتىشنى ؛ تاراتقۇلاردىكى مەۋھۇم دۇنيادا بىر- بىرىنى سۆكىدىغان ، ھاقارەت قىلىدىغان ،

شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ، تېز رەددىيە بېرىدىغان سوغوق ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىشنى ؛ بەلكى بىر — بىرىمىزگە ئىسلامى قېرىنداشلىقنى ئىزھار قىلىپ ، خىتايغا قارشى مۇھەببەتكە تولغان ئاكتىپ مەنىۋى كەيپىيات يارىتىشنى مۇراجىئەت قىلىمىز !!!!

7 - ھەرقايسى جايلاردىكى مۇجاھىد قېرىنداشلارنىڭ سوغۇققان بولۇشىنى ؛ جەمئىيەتتىكى ، تور دۇنياسىدىكى پىتنە-پاساتلاردىن يىراق تۇرۇشىنى ؛ ئالدىراپ «رەددىيە ۋە قايتۇرما رەددىيە» دىن ئىبارەت ئايىغى چىقماس خالتا كوچىغا كىرىپ قالماسلىقنى ؛ ئەگەر مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن سۆز قىلىشقا توغرا كەلسە ، قوپاللىقتىن ، ھېكمەتسىزلىكتىن ساقلىنىشنى ؛ ئومۇمى خەلق چوڭ بىلىدىغان ئەھلى — ئىلىملەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشتىن ، ھەمشىرىلەرگە تىل تەگكۈزۈشتىن ساقلىنىشنى ؛ مۇجاھىدلارغا خاس ئىسلامى ئەخلاقىقا قاتتىق رىئايە قىلىشنى ؛ مۇجاھىدلارنىڭ ئېسىل ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىكنى ؛ بىلىپ - بىلمەي ئۈممەت بىلەن مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىشنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

8 - ھەر قايسى سەپلەردىكى جىھاد يېتەكچىلىرى _ ئەمىرلەر ، قوماندانلار ، مەسئۇللار ، شەرئى ئۇستازلار ، ئەھلى - ئىلىملەر ؛ سىلەر ئۈممەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى ، خەتەرلىك ھەم شەرەپلىك ئامانەتنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتىسىلەر ، كۆپ ئېھتىياتچان بولۇڭلار !

بىز سىلەرنىڭ مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا ئىسلامى ئەقىدىمىزنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىدا قاتتىق چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە ، الله ۋە رەسۇلىمىز كۆرسەتكەن شەرئىي سىياسەتتىكى كەڭچىلىكە ، ھېكمەتكە ۋە جەڭ ھىيلە- تەدبىرلىرىدىكى دۇنيا - ئاخىرەتلىك كاتتىراق مەنپەئەتكىمۇ سەل قارىماسلىقىڭلارنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

«دۆلەت تەشكىلاتى» دىن كۆپ دەرس ئېلىڭلار !! ئۈممەتنى مۇجاھىدتىن ، مۇسۇلمانلارنى جىھادى سەپتىن ، جىھادنى خەلق قۇچىغىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان ھەرقانداق شەرئى سىياسەت بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئەمەس. شەرئىي سىياسەت بارىسىدا

سىلەردە ھازىرقى كىچىك زىيانغا سەبىر قىلغاندا قولغا كېلىدىغان كەلگۈسىدىكى كاتتا پايدىنى كۆرەلەيدىغان كۆز بولسۇن !

بىز سىلەرنىڭ يەنە سالماق ، سوغۇققان ، يىراقنى كۆرەر بولۇپ ئالدىراڭغۇ ، يەڭگىلتەك ۋە تېز جاۋاپ بولماسلىقىڭلارنى ؛ كەڭ قورساق ، مەرد بولۇپ ئىتتىپاقلىشىش ، بىرلىشىش تەرەپدارى بولۇشۇڭلارنى ؛ تۈركىستاننىڭ يارىسى ئۈممەتنىڭ يارىسى دېگەن ئىدىيە بىلەن ، ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسى بولغان تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دەردىگە داۋا ، رەنجىگە شىپا بولۇشقا ئالدىرىشىڭلارنى ؛ تۈركىستان جىھادىنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى بىۋاستە شەرئىي مەسئۇلىيىتىنى ھەر ۋاقىت ئېسىڭلاردىن چىقارماسلىقىڭلارنى ؛ سەپنىڭ سىرتىدىكى ئۇششاق تالاش - تارتىشلارغا ئارىلىشىپ زېھنىڭلارنى ئۇپراتماسلىقىڭلارنى ؛ ئىشلىرىڭلارنى مەسلىھەت بىلەن قىلىشىڭلارنى مۇراجىئەت قىلىمىز !

# ئومۇمىي چاقىرىق

1 - ئەزىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بۈگۈن زالىمنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئاشتى ؛ پىچاق سۆڭەككە يەتتى ؛ ئەمدى قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى ؛ خىتايغا قارشى جىھاد بىزگە ئۈستى-ئۈستىلەپ پەرز بولدى. بىز بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى تاجاۋۇزچى خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىپ ، مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ ئىسلامى ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابقا ، بۇ ئۇلۇغ جىھادقا تولۇق قاتنىششقا ، تولۇق ئىتتىپاقلىششقا ، تولۇق ھەرىكەتكە كېلىشكە ۋە قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن تاقىتى يار بەرگەن ئەڭ يۇقۇرى چەكتە خىتايغا قارشى جىھاد ئىبادىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز !

﴿ ٱنفِرُوا۟ خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَٰهِدُوا۟ بِأَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾ ﴾ التوبة: ٤١

(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش-قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار ، ئوكۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، اﷲ نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [41]. سۈرە تەۋبە

2 - دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى خىتايغا قارشى ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلاب يولىمىزدا قۇرئان - سۈننەت ئاساسىدا بىرلىشىشكە، ئىتتىپاقلىشىشقا؛ ھازىرقى بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئومۇمىي چوڭ زىددىيىتىمىزنى ئارىمىزدىكى باشقا ھەممە كىچىك زىددىيەتلەردىن ئەڭ خەتەرلىك دەپ تونۇشقا؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باشقا بارچە دۇنياۋى، سىياسىي مەنپەئەتلەرنى قۇربان قىلىشقا؛ ئالىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن كىچىك، ئەرزىمەس مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، شەرىئەت ئاساسىدا خىتايغا قارشى ئىنقىلابنىڭ بىر كېمىسىدە بار يەردە جەم بولۇشقا چاقىرىق قىلىمىز !

﴿ وَأَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَنَٰزَعُوا۟ فَتَفْشَلُوا۟ وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ ۖ وَٱصْبِرُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٤٦﴾ ﴾ الأنفال: ٤٦

(پۈتۈن سۆز ھەرىكەتلىرىڭلاردا) اﷲ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [46]. سۈرە ئەنفال

3 - بىز بارلىق ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى دىنى ئۆلىمالىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىمىز ؛ ئۇلارنىڭ ئۇممەت ئۈچۈن ئىشلىگەن قىممەتلىك خىزمەتلىرىگە ھەرگىز كۆز يۇممايمىز ۋە ئاللاھدىن ئەجىرلىرىنى زىيادە قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. ئۇلار بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىز ، ئۇلارغا قەلبىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىمىز ، ئەمما ئىلىمسىز جىھاد تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغىنىغا ئوخشاش ، جىھادسىز ، مۇجاھىدسىز ئۆلىمالارمۇ ھەم ئۆگەنگەن ھەقىقەتنى ھاياتقا تەتبىقلىيالمايدۇ ؛ ئارمىيىسى يوق ھەقىقەت مەڭگۈ نەزەرىيە پېتى قېلىپ قالىدۇ .

1933 - يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ چىققان سابىت داموللامۇ قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىي ئارمىيىسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى قولدىن بېرىپ قويغان. شۇڭا ئەھلى - ئىلىم ، ئۆلىما- ئۇستازلارنى ئاللاھنىڭ جىھاد توغرىسىدىكى ئايەتلىرىگە ئالدىن بىلەن ئۆزلىرى ئەمەل قىلىپ ، جىھادى ئالدىنقى سەپلەردىن ئورۇن ئېلىشقا ؛ خاتالىقلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇپ ، جىھاد كارۋىنىغا توغرا يول باشلاشتىن ئىبارەت بۇ ئۇممەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشىغا ئىشتىراك قىلىشقا ، بىزنى ياردەمسىز تاشلاپ قويماسلىققا ، ئۆز ئارمىيىسىنى تېپىۋېلىشقا چاقىرىق قىلىمىز !

4 - بىز دۇنياۋى ئىلىم- پەن ، ئىلمىي تەتقىقات ، توغرا ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان ، ئىلىم- پەن بىلەن دىننى زىتلەشتۈرۈپ قويىدىغان نادانلاردىن ئەمەسمىز ؛ بارچە ئىلىم ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەندۇر ؛ ئىلىم- پەن نەتىجىلىرىنىڭ ، تەرەققىياتنىڭ ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزدىكى رولىغا ھەرگىز سەل قارىمايمىز ؛ لېكىن ، ئىلىم- پەننى بىردىن- بىر بەخىت - سائادەت مەنبەسى دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ئوخشاشلا ، زامانىۋى خۇراپاتلىق دەپ قارايمىز .

ئەقىدىسىز ئىلىم ساھىبى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلمىگەندەك ، دۆلىتى بولمىغان ، سىياسىي كاپالىتى بولمىغان ئىلىم ئىگىلىرىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا باش –پاناھسىز قالىدۇ .

ھاكىمىيتى يوق مىللەتنىڭ زىيالىيلىرىمۇ ھەمىشە سىياسىي بوران-چاپقۇنلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ .

زىيالىلار ھوشيار بولۇشى كېرەك. ھەمىشە بىر كىشىلىك ھاياتىنىڭ غېمىدىلا يۈرگەنلەرنى زىيالى دېگىلى بولمايدۇ ؛ ھەقىقىي زىيالى مىللەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن ئېغىر پەيتلەردە ، قايسى خىزمەتنىڭ ئەڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ ۋە باشقا ھەممىدىن ۋاز كېچىپ دادىللىق بىلەن شۇ يولغا ئاتلىنالايدۇ ؛ ئۆگەنگەن ئىلمىنى ئۆز خەلقىنىڭ ھايات-ماماتلىق كۈرىشىگە سەرپلىيەلەيدۇ ؛ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقىنىڭ ئىنقىلابى ئۈچۈن بېغىشلىيالايدۇ .

شەرىئەتتە : «ئەگەر بىر ئورۇندا ، بىر خەلقتە زىنا- پاھىشە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولسا ، زىنا توغرىسىدا توختۇلۇپ قەۋمىدىكى بۇ كېسەلگە داۋا قىلماستىن ، جازانە توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىگەن موللا ئىلمىگە ، دىنىغا ۋە شۇ خەلققە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.» دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيتىنىڭ ئىگىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھايات-ماماتلىق ئۈستىدە جان تالىشىۋاتقان بىر پەيتتە ، يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىنى ، مىللى ، سىياسىي كىرزىسى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا «ئېشىكى ئۆلۈۋاتسا تەخىيى غىجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيتى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈشى ۋە بۇ خىل ماۋزۇلاردا ۋاقىت ، ئىقتىساد ، ئەقىل ۋە زېھنىنى كۆپلەپ سەرپ قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئوخشاشلا زىيالىلارنىڭ ئۆگەنگەن ئىلمىگە ، دىنىغا ، ئەقىدىسىگە ۋە ئۆز خەلقىگە خىيانىتى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ ؛ ئىلمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، خۇددى يۈرەك كېسىلى قوزغالغان ئادەمنى جىددى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ ئورنىغا ، ئۇنىڭ ھاياتلىق نەتىجىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئولتۇرغاندەكلا كاتتا ھېكمەتسىزلىك بولىدۇ .

بىز ھەر ساھەدىكى ، ھەر كەسىپتىكى زىيالىلارنى ــ سىياسىيونلارنى ، تەتقىقاتچىلارنى ، تەبىئى پەنلەردىكى ئىلىم ئىگىلىرىنى ، دوختۇرلارنى ۋە يازغۇچى شائىرلارنى ھەتتا كەسپى ئىلىملارنى ئۆگەنگەن دۇنياۋى ئىلمىنى مۇسۇلمان خەلقىمىزنى

زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدىن ئايماسلىقىقا ؛ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلامى ئازاتلىق ئىنقىلابىغا قاتنىششىقا ؛ ئۆز ئارمىيىسىنى تېپىۋېلىشقا چاقىرىق قىلىمىز !!!

بىز يەنە «تېنچ سىياسىي يول» دىكى زىيالىيلارنى ، سىياسىيونلارنى ھاكىملارنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا كۆز ياش تۆكۈپ سارغىيىپ يۈرمەسلىككە ؛ ئادەملەرنىڭ «ياش تامچىسىدىن كۆرە ، قان تامچىسىغا بەكرەك ئېھتىياجلىق» لىقىغا ئىشىنىشكە ؛ بىرلىشىشكە چاقىرىق قىلىمىز !!

شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى : كۆز ياشلىرىمىزدىن تەسىرلەنگەنلەر بىزگە ياشلىرىمىزنى سۈرتۈپ قويۇشى مۇمكىن ، ئەمما بىزنىڭ ئەتە يەنە يىغلىماسلىقىمىزغا كاپالەت بېرەلمەيدۇ !!!!

5 - مال - دۇنياسىز جىھاد قىلغىلى ، پۇل - ئىقتىسادسىز دۈشمەنگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ ؛ الله بۇ جىھاد ئىبادىتىنىمۇ ئالدى بىلەن مال ، ئاندىن كېيىن جاننى زىكر قىلىپ تۇرۇپ پەرز قىلغان ؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ مەزلۇم ئۈممەتنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ، زالىم خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش يولىدىكى بۇ ئىنقىلابىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە مال كېرەك ؛ ئەقىيدىسى يولىدا ئاللاھ ئۈچۈن خەجلىگەن مال ، ئىنفاق قىلىنغان دۇنيانى الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ ؛ دۆلەتنى ، سىياسىي كاپالەتنى بولمىغان بايلارمۇ بىر كۈنلەردە ئۆز مېلىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولالماي قالىدۇ .

1933 - يىلىدىكى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ جىھادقا مال چىقىرىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغان بايلارنىڭ ماللىرىنى ، كېيىن شىڭشىسەي بۇلاپ تالىغان ؛ 1949 - يىلى كوممۇنىست خىتايلار كەلگەندە ، قېلىپ قالغان بايلارنى دەشتكە ئېلىپ چىقىپ يانتاق ۋە تىكەنلەردە دومىلىتىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپ ، ماللىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزىۋالغان ؛ الله يولىدا چىقىم قىلىنىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەن ماللار ، دىنسىز كوممۇنىست خىتاي دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ، ئۆز خەلقىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا خىزمەت قىلغان .

بىز شەرقىي تۈركىستانلىق بايلارنى الله بەرگەن مالنى الله يولىدىكى جىھادتىن ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدىن ئايىماسلىققا ؛ ئىنقىلابىمىزغا مىلى بىلەن ، جېنى بىلەن قاتنىششقا ؛ ئۆز ئارمىيىسىنى تېيىۋېلىشقا چاقىرىق قىلىمىز !!!

**ئەزىز قېرىنداشلار ! سۆيۈملۈك شەرقىي تۈركستان مۇسۇلمانلىرى !!**

**تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق؛ زىمستان قىشتىن كېيىن هامان باهار كېلىدۇ؛ مەزلۇم بىلەن الله نىڭ ئارىسىدا پەردە يوق؛ زالىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئاللاھنىڭ زېمىنىدا هەمىشە تۇتقان يولى — سۈننىتىدۇر.**

**الله نىڭ ئالدىدا خىتايدا بار بولغان «نوپۇسى كۆپ، ئەسكىرى كۆپ، تېخنىكىسى ئۈستۈن................» دېگەنىدەك بۇ سانلارنىڭ ، بۇ ماددى كۆرسەتمىلەرنىڭ هېچ ئېتىبارى يوقتۇر.**

**ئەي شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ! ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن هەرگىز ئۈمىتسىزلەنمەڭلار ! ئەگەر بىز ئەقىدىمىزگە سادىق بولساق؛ ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ ياردىمگە لايىق بولساق؛ ئەگەر بىز هەقىقى الله نىڭ قوشۇنى بولالىساق غەلبە ئەڭ ئاخىرقى هېسابتا بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ ، ئىنشاالله !!!**

﴿ وَٱلْعَـٰقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ ﴿١٢٨﴾ ﴾ الأعراف: ١٢٨

ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېدى [128]. سۈرە ئەئراف

﴿ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ يُقَـٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ يُقَـٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱلطَّـٰغُوتِ فَقَـٰتِلُوٓا۟ أَوْلِيَآءَ ٱلشَّيْطَـٰنِ ۖ إِنَّ كَيْدَ ٱلشَّيْطَـٰنِ كَانَ ضَعِيفًا ﴿٧٦﴾ ﴾ النساء: ٧٦

مۆئمىنلەر الله يولىدا جىهاد قىلىدۇ ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر) ، شەيتاننىڭ تەدبىرى هەقىقەتەن ئاجىزدۇر [76]. سۈرە نىسا

﴿ فَكَفَرُواْ بِهِۦۖ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ١٧٠ وَلَقَدۡ سَبَقَتۡ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا ٱلۡمُرۡسَلِينَ ١٧١ إِنَّهُمۡ
لَهُمُ ٱلۡمَنصُورُونَ ١٧٢ وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ١٧٣ ﴾ الصافات: ١٧٠ – ١٧٣

ئۇلار ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىشتى، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ [170]. بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان [171]. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر [172]. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر [173]. سۈرە سافقات

﴿ وَأَبۡصِرۡهُمۡ فَسَوۡفَ يُبۡصِرُونَ ١٧٥ ﴾ الصافات: ١٧٥

ئۇلارنى (ئۇلارغا ئازاب نازىل بولغان چاغدا) كۆرگىن، ئۇلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۆرىدۇ [175]. سۈرە سافقات

﴿ وَٱللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰٓ أَمۡرِهِۦ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٢١ ﴾

يوسف: ٢١

ھىجرىيە 1439 - يىلى رامىزاننىڭ 28- كۈنى

مىلادىيە 2018 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

بېشىمىزغا ئېغىر كۈن كەلدى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان بىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى قىرىلىپ كېتىش، دىنىسىز خىتاي دېڭىزىغا قېتىۋېتىلىش، يەر شارىدىن نام - نىشانسىز، ئۈن - تۈنسىز يوق بوپ كېتىش خىرىسىغا، ناھايىتى ئېغىر دىنى، مىللى كىرىزىسقا دۇچ كەلدۇق .

قانداق قىلىش كىرەك ؟!

كەسكىن جاۋاپ شۇكى: ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، خەلقىمىزنى ئىسلامى ئازاتلىققا، ئىسلامى مۇستەقىللىككە ئېرىشتۈرۈش كېرەك. خوش، ئۇنداق بولسا قايسى ئۇسۇلدا ، قانداق قىلىپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇمىز ۋە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز ؟

مانا بۇ __ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ۋە مۇھىم نۇقتىسى .

بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن خىتايغا قارشى ئېلىپ بارماقچى بولغان كۈرەشنىڭ خاراكتىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك ، چۈنكى قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنىڭ خاراكتىرى بىزگە مەلۇم بولسا شۇنىڭغا لايىق توغرا ئۇسۇل ۋە توغرا لايىھە تۈزۈپ چىقىپ، غايىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر باشقا ئېلىپ چىقالايمىز.

<u>مەزكۇر كىتاپتىن ئېلىندى.</u>

